ئەسەرلەر گۈلىستانى

# سۆز يوقتا ھېكمەت يوق

(گۈلىستان)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# سەۋر يوقتا ھېكمەت يوق

(گۈلىستان)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: جېلىل ئۆمەر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

无耐心者无智谋：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编.
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，
2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-769-6

I. 无… II. 阿… III. 维吾尔族－谚语－汇编－中国－
维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024507 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　无耐心者无智谋
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　吉力力·吾麦尔
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊

出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3.125
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-769-6
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: سەۋر يوقتا ھېكمەت يوق
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: جېلىل ئۆمەر
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-769-6
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «سەۋر يوقتا ھېكمەت يوق» دېگەن كىتابتا ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر پارس شائىرى سەئىدى (1203 — 1292) نىڭ ھاياتى ۋە «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئادىتىم بويىچە ھويلىدىكى دالاندا قويۇلغان ساپادا ئولتۇرۇپ مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابىنى كۆرۈۋاتاتتىم:

— بوۋا! ھارمىغانسىز...؟

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوماق نەۋرەم كىتاب قويۇلغان شىرە يېنىدا ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ئەدەبىيات ۋە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى داڭلىق بۇ كىتابنى ئىلگىرى بىر - ئىككى قېتىم ئوقۇغىنىمغا قارىماي كىتابتىكى تارىخىي ۋەقەلەر قايىنىمىغا يەنە غەرق بولسام كېرەك، نەۋرەمنىڭ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ يېنىمدا ماڭا قاراپ تۇرغىنىنى سەزمەپتىمەن.

— ھە، ياخشى، مەكتەپتىن قايتىپ كەلدىڭمۇ، قوزام؟ تاپشۇرۇقلىرىڭ باردۇ؟ تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلىۋال، كىتاب ئوقۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ سېنىڭ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەنلىكىڭنىمۇ سەزمەپتىمەن، — دېدىم مەن.

نەۋرەم ئۆشنىسىدىكى چوڭ ۋە ئېغىر سومكىسىنى دالاننىڭ ئۇ يېقىدىكى كارىۋات ئۈستىگە قويۇۋېتىپ ئۇنى ئېلىپ، بۇنى قويۇپ دېگەندەك بىرئاز ۋاقىت ئۆتكۈزدى، ئۇزايىدىن تاپشۇرۇق ئىشلىگۈسى يوقتەك ۋە ماڭا بىر گېپى باردەك قىلاتتى.

مەن نەۋرەمنىڭ بۇ ھالىتىگە قىزىقىپ قالدىم - دە، ئوقۇۋاتقان كىتابىمنى يېپىپ قويۇپ:

— ئوغلۇم، ماڭا دەيدىغان گېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ، — دېدىم مەن.

— شۇنداق، بوۋا، نېمە ئۈچۈن كىمدە سەۋر يوق بولسا، ھېكمەت يوق، دېيىلىدۇ؟ ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز بوپتىكەن.

— بولىدۇ ئوغلۇم، مەندىن ئادەم بالىسى ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك ۋە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر سۆزنى سورىدىڭ، مەن بۇنى چۈشەندۈرۈپ قوياي، ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈۋال، ھاياتىڭدا بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسقاتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— «سەۋر» سۆزى دۇچ كەلگەن، يولۇققان ئېغىرچىلىق، مۇشكۈللۈكلەرگە بەرداشلىق بېرىش، قانائەت قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە.

«ھېكمەت» سۆزى بىرىنچىدىن، ھەددىدىن زىيادە دانالىق، دانىشمەنلىك، ئەقىل - ئىدراك دېگەندەك مەنىلەرگە، ئىككىنچىدىن، بىلىش، چۈشىنىش قىيىن بولغان يوشۇرۇن چوڭقۇر مەنە، يوشۇرۇن سىر، مۆجىزە... دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە.

دېمەك، كىمدە سەۋر يوق بولسا، ھېكمەت يوق دېگىنىمىز، دۇچ كەلگەن، يولۇققان ئېغىرچىلىق، مۈشكۈللۈككە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئادەمدە ئەقىل يوق، قانائەتسىز ئادەمدە ئەقىل يوق، دېگەنلىكتۇر.

ئوغلۇم، مۇنۇ ھېكايىگە قۇلاق سال، سەۋر قىلغۇچى قانداق بولىدىكەن؟

... «ئۆتۈپ بېرىۋاتقان زاماندىن ھەرگىز زارلانمىغان ئىدىم، پەلەكنىڭ گەردىشىدىن يۈزۈمنى پۈرۈشتۈرمىگەنىدىم. پەقەت بىر چاغدا يالاڭ ئاياغ قالدىم، كېپىش سېتىۋېلىشقا پۇلۇم يوق ئىدى. غەمكىن بولۇپ، كۇفە جامەسىگە كىردىم. ئۇ يەردە بىر ئادەمنى كۆردۈمكى، ئۇنىڭ پۇتىمۇ يوق ئىدى. ھەق - تائالانىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلدىم - دە، كېپىشىم يوقلىقىغا سەۋر قىلدىم...». («گۇلىستان»دىن)

— بوۋا، بۇ دۇر - گۆھەر كىمنىڭ سۆزى؟ سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز!؟...

— بۇ سۆزنى پارس خەلقىنىڭ 13 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى شەيخ سەئىدى شىرازى «گۇلىستان» ناملىق ئەسىرىدە سۆزلىگەن.

— بوۋا! شەيخ سەئىدى شىرازى دېگەن كىم؟ بۇ مۇبارەك زاتنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

— ئەمىسە، قۇلاق سال، — دەپ سۆزىنى باشلىدى بوۋاي.

سەئىدى شىرازى — پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ 13 - ئەسىردىكى گەۋدىلىك ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ تەكرارلانغۇسىز ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتى مۇنبىرى تۆرىدىن ئورۇن ئالىدىغان، ساناقلىق بۈيۈك مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرىدۇر.

سەئىدىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى پارس تىلىدا (بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئەرەب تىلىدا) يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسان سۆيەرلىك ئىدىيىلىرى بىلەن سۇغىرىلغان بارلىق خىتابلىرى دۇنيادىكى باشقا كۆپلىگەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشاشلا مىللەت ۋە دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئادالەتسىزلىك ۋە زالىملىقنى مەھكۇم قىلىش، ئاددىي خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ياقلاش بارلىق ئەسەرلىرىدە

ئاساسىي غايە قىلىنغان بولغاچقا، ئاپتور ياش ۋاقتىدىلا ئەسەرلىرىنىڭ شۆھرىتىنى يەر يۈزىگە پۈركىتىپ يەتتە ئىقلىمدا «ئايرىم قولىيازمىلىرى ئالتۇن ئاقچىدەك قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ... خاس ئاۋام ھەممە كىشى ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان» بولغانىدى.

سەئدىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ تولۇق تەرجىمىھالى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ئىزچىل تالاش ـ تارتىشلار بولسىمۇ، ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا چىقىرىلغان خۇلاسىلەردە سەئدىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى پەرقلىق ھالدا 1184 ـ يىلى، 1189 ـ يىلى ۋە 1204 ـ يىلى دەپ كۆرسىتىلىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپ قىسمى سەئدىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى 1189 ـ يىلى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق بىر دەلىل بار.

«بوستان»نىڭ «تۇۋا توغرىسىدا» ناملىق 9 ـ بابىدىكى كىرىش قىسمىدا سەئدى مەزكۇر ئەسەرنى يېزىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ 70 ياشتا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ:

يېتىپ قالدى يېشىڭ بۈگۈن يەتمىشكە،
كەچمىشىڭنى ئەسلەپ دىلىڭ يىغلايدۇ.
گەر ئەللىكتىن كېيىن قالسا بەش دىرەم،
غەم يۈرەكنى بەش قول بىلەن تىلغايدۇ.

سەئدىنىڭ «بوستان» ناملىق بۇ مەشھۇر ئەسىرىنى ھىجرىيە 655 ـ يىلى (مىلادىيە 1257 ـ يىلى) يازغانلىقى ئىسپاتلىنىپ بولغان بولۇپ، ئەگەر ھىجرىيە 655 دىن 70 نى ئېلىۋەتسەك، ھىجرىيە 585 قالىدۇ. (بۇنى مىلادىيىگە ئايلاندۇرساق، 1189 غا تەڭ بولىدۇ). ئەمما، سەئدىنىڭ «بوستان»دىن بىر يىل كېيىنلا يېزىلغان «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە ياشقا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق مىسرالار ئۇچرايدۇ:

ئۆمۈرنى ئۆتكەتەر ھەر نەپەس، ھەر ئان،
قارىسام ئۇنىڭدىن كۆپى قالمىغان.
ئەي كىشى ئۇيقۇدا كەتتى ئەللىك يىل،
بۇ قالغان بەش كۈننى سەن غەنىيمەت بىل.



www.uyghurkitap.com

«بوستان»نىڭ 9 ـ بابىدا يەنە:

بىكار ئۆتتى ئەللىك يىلىڭ چېكىپ دەرد،
ئەمدى قالغان بەش كۈنۈڭمۇ غەنىيمەت.

دېگەندەك مىسرالارمۇ ئۇچرايدۇ. شۇ ئېنىقكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئەللىك يىل ئارقىلىق سەئىدى ئۆزىنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئۆمرىدىن ئەڭ ياخشى 50 يىل ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان. شۇڭا سەئىدىنى مىلادىيە 1189 ـ يىلى تۇغۇلغان، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

سەئىدى پارس تىللىق ئەدەبىياتنىڭ دۇنياغا داڭلىق ۋەكىللىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن كىشى بولۇپ، پارس تىللىق خەلقلەر ئىچىدە «سەئىدىلەرچە ئۇزۇن ئۆمۈر» دېگەن سۆز باشقىلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەندە دائىم ئىشلىتىدىغان تۇراقلىق ئىبارىگە ئايلانغان.

سەئىدىنىڭ تولۇق ئىسمى «مۇسلىھىددىن ئەبۇ مۇھەممەد ئەبدۇللا ئىبنى مۇشرىف ئىبنى مۇسلىھ سەئىدى شىرازى» بولۇپ (بەزى مەنبەلەردە تولۇق ئىسمى «شەيخ مۇسلىھىددىن سەئىدى شىرازى» دەپ ئېلىنىدۇ[1])، ئىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى «سەئىدى» سۆزى ئاپتورنىڭ شائىرلىق ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، بۇ تەخەللۇسنى شۇ دەۋردىكى ئىراننىڭ فارس ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى ئاتابېك سەئىدى ئىبنى سەلغۇرى (1137 — 1226) نىڭ نەۋرىسى سەئىدى ئىبنى ئەبۇبەكرى ئىبنى زەنگى (1226 — 1268)نىڭ نامىدىن ئالغان. بەزى مەلۇماتلاردا ئۇنىڭ سەئىدىنى باغداتتىكى «نىزامىيە» مەدرىسىسىگە ئەۋەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. «شىرازى» سۆزى بولسا، ئىراننىڭ فارس ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىراز شەھىرىنىڭ نامىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ شۇ يەردە تۇغۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

سەئىدى ئۆزى ئېيتقاندەك، ئىراننىڭ فارس ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىراز

---

[1] رەھمىتۇللا جارى تەرجىمە قىلغان، 1984- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابتىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە باشلانغۇچ ساۋات ئالغان. ئۇنىڭ دادىسى مۇشرىفى شىرازى ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا ئۆز زامانىسىنىڭ تونۇلغان دىنىي ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. ئاپتور كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە بالىلىق دەۋرىدىكى موھتاجلىقتىن خالىي غەمسىز تۇرمۇشى، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە كېيىنكى ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان، پاك دىيانەتلىك دادىسى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنى پات ـ پات تىلغا ئېلىپ تۇرىدۇ:

ئاتام ھايات تۇرغىنىدا پۇت دەسسەپ،
شاھ ئىدىمكى، بېشىم ئۈزرە تاجىم بار.
بىرەر پاشا قونۇپ قالسا يۈزۈمگە،
ئەنسىرەيتتى ھەتتا قولۇم ـ قوشنىلار.

ئائىلىسىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە مۇشرىفى شىرازى كىچىكىدىنلا پەۋقۇلئاددە زېھنىي كۈچى ۋە ئاجايىپ پاراسەتكە ئىگە بۇ ئوغلىنى شۇ دەۋردە يېتىلگەن ئۆلىمالىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. لېكىن سەئدىنىڭ كۆڭۈللۈك ۋە غەمسىز تۇرمۇشى ئۇزۇن داۋاملىشالمايدۇ. ئۇ 12 — 13 ياشلارغا كىرگەندە، كۆيۈمچان دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ، يېتىم قالىدۇ. يۆلەنچۈكسىز قالغان ئائىلىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى قامداش ئۈچۈن سەئدىنىڭ ئاكىسى ئوقۇشنى توختىتىپ، بىر دۇكاندارغا شاگىرتلىققا كىرىدۇ. تۇرمۇشتىكى زەربىنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەئدى ئوقۇشنى توختىتىپ قويمايدۇ. ئۇ دەسلەپكى ئوقۇشنى ئۆز يۇرتى شىرازدا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە قوشنا دۆلەتنىڭ پايتەختى باغدادقا قاراپ يولغا چىقىدۇ. باغداد شۇ دەۋردە خېلى بىر مەزگىلگىچە تۈرلۈك ئاماللار بىلەن موڭغۇللارنىڭ بىۋاسىتە تالان ـ تاراج قىلىنىشىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ قالغانىدى. ئەمما، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە بولسا موڭغۇللار قوشۇنلىرىنىڭ قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى باشلىنىپ، شىرازنىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى قالايمىقانلاشقانىدى.

سەئدى باغدادقا كەلگەندە، بۇ يەردە 35 تىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك مەدرىسە بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە، مىلادىيە 1067 ـ يىلى خاجە نىزامۇلمۇلك تۇسى

(1017 – 1092) تەرپىدىن قۇرۇلغان «نىزامىيە» مەدرىسىسى ئەڭ داڭلىق ئىدى ۋە ئۇنىڭدا شۇ زاماندىكى ئەبۇلغەرەج ئەبدۇ رەھمان ئىبنى جەۋزى (1686 – 1257) گە ئوخشاش ئەڭ مەشھۇر ئالىملار دەرس سۆزلەيتتى. مەدرىسىنىڭ كىتابخانىسىدا 200 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تۈرلۈك مەزمۇندىكى كىتابلار ساقلاقلىق ئىدى. دائىم ھەرخىل تېمىلاردا ۋەز ئېيتىشلار، مۇشائىرىلەر ۋە مۇنازىرىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. سەئىدى «نىزامىيە» مەدرىسىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي مەدرىسىنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلىنىدىغان تالىپى بولۇپ قالىدۇ. پايتەخت شەھەر باغداد ۋە «نىزامىيە» دىكى ئىجتىمائىي ھايات بىلەن ئىلمىي مۇھىت ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن سەئىدىنىڭ ياش قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەپ، سىستېمىلىق دۇنيا قاراش تىكلىشى ۋە كېيىنكى ھايات يولىنى توغرا تاللىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ بۇ يەردە قۇرئان، ھەدىس، ئەرەب تىلى، ئارۇز، قاپىيە ۋە بالاغەت بىلىملىرى، نۇجۇم، فىقھە، پەلسەپە، تەپسىر ۋە تەسەۋۋۇپ تارىخى، مەشھۇر شەيخلەرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى قاتارلىق شۇ زاماننىڭ ئاساسلىق بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەندىن سىرت، ئانا تىلى ۋە ئەرەب تىلىدا تەڭلا شېئىر يېزىشقا باشلايدۇ. ئۇ ۋائىزلىق (ۋەز ئېيتىش) كەسپىنى ياخشى كۆرگەچكە، ئالدىغا ئۇچرىغان ماقال - تەمسىللەر، ھېكمەتلەر، ئىبرەتلىك سۆزلەر ۋە ئەھمىيىتى زور بولغان تارىخىي ۋەقەلەرنى يادلايدۇ. سەئىدىنىڭ «نىزامىيە»دىكى ئوقۇش ئەھۋالى ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئىلىم ئىگىلەشكە بولغان ھېرىسمەنلىكىدىن كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپمايدىغانلىقى ۋە قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا يىغىلىپ قالغان قومۇش قەلەم قىرىندىلىرىنى باشقىلار ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئوتىدا بىر چۆگۈن سۇ قايناتقان بولسىمۇ، يەنىلا تۈگىمىگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ گەرچە خېلىلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بىر رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سەئىدىنىڭ ئىلىم ئىگىلەش يولىدىكى مەستانىلارچە قىزغىنلىقىنى مەلۇم نۇقتىدىن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. سەئىدىنىڭ «نىزامىيە» دىكى ئوقۇشى 1226 - يىلىغىچە داۋاملىشىدۇ.

سەئىدى ئوقۇشىنى نەتىجىلىك تاماملىغاندىن كېيىن، شۇ دەۋردىكى ئادەت بويىچە مۇقەددەس مەككە شەھىرىنى زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاھان كېزەر مۇتەپەككۇرنىڭ 13 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە داۋام قىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك سەرگەردانلىق تۇرمۇشى باشلىنىدۇ.

بۇ جەرياندا ئۇ دەرۋىشلەرچە پىيادە يول يۈرۈپ، نەچچە قېتىم مەككە ۋە مەدىنىنى زىيارەت قىلىدۇ ۋە دەمەشىق، تىرىپولى، بەئەلبەك، ھەلەپ، ئىسكەندىرىيە قاتارلىق نۇرغۇن مەشھۇر شەھەرلەرگە بارىدۇ. شەرقتە ھىندىستان ۋە ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەر شەھىرىدىن تارتىپ، شىمالىي ئافرىقىغىچە بولغان كەڭ ئارىلىقتىكى شام، ماراكەش، ھەبەش، بەربەرىيە، كىچىك ئاسىيا، پەلەستىن، بەيتۇلمۇقەددەس، بەسرە، كۇفە، ئەرمەنىستان، رۇم، مىسىر، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى چوڭ ـ كىچىك شەھەرلىرىگە بارغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ جەرياندا سەئدى مۇقەددەس كەبىنى زىيارەت قىلىشقا ئون نەچچە قېتىم بارغان.

سەئدى دۇنياغا مەشھۇر پارس تىللىق كلاسسىكلار ئىچىدە ئىلىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەرگە زىيارەتكە كەلگەن بىردىنبىر كىشىدۇر. ئۇ قەشقەردىكى سەپىرىنى «گۇلىستان»دا مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

«بىر يىلى مۇھەممەت خارەزىمشاھ  بىر مەسلىھەتنى كۆزدە تۇتۇپ، خىتاي (كىدان) بىلەن سۈلھى تۈزۈشنى ئىختىيار قىلىپ قالدى. مەن قەشقەر جامەسىگە كىرگەن ئىدىم، بىر ئوغۇلنى كۆردۈمكى، غايەت كېلىشكەن، ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، ئۇنىڭ مىسالىدا مۇنۇلار ئېيتىلىدۇ:

مۇئەللىمىڭ بار شوخلۇقنى، دىلبەرلىكنى ئۆگەتكەن،
جاپا كايىش ناز قىلىشنى، زومىگەرلىكنى ئۆگەتكەن.
مەن ئادەمنى بۇ سۈرەتتە، بۇ قامەتتە، خۇلقتا،
كۆرگىنىم يوق، بەلكىم پەرى بۇ ھۈنەرنى ئۆگەتكەن.

ئۇنىڭ قولىدا زەمەخشەرىنىڭ[1] «نەھۋىگە مۇقەددىمە» (سىنتاكسىسقا موقەددىمە)سى بولۇپ، ھەدەپ: «زەيىد ئۆمەرنى ئۇردى، زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىقتا ئۆچرىدى» دەپ ئوقۇۋاتاتتى.

مەن دېدىم: «ئەي ئوغۇل، خارەزىم بىلەن خىتاي سۈلھى تۈزۈشتى، ئەمما

[1] زەمەخشەرى ـــ ئەلمە مەزەمەخشەرى (ئەسلى ئىسمى ئوبۇلقاسىم شەھابىدىن مەھمۇد بىننى جارۇللا بولۇپ، زەمەخشەرى تەخەللۇسىدۇر).

زەيىد بىلەن ئۆمەرنىڭ ئاداۋىتى تېخىچە داۋاملىشىۋاتامدۇ؟»
ئۇ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، يۇرتۇمنى سورىدى.
مەن: «شىراز تۇپرىقىدىنمەن» دەپ جاۋاب بەردىم.
ئوغۇل سورىدى: «سەئىدى شېئىرلىرىدىن قايسىنى بىلىسىز؟»
دېدىم: (ئەرەبچە)

مەن يولۇقتۇم بىر تىلچىغا، ھۇجۇم قىلدى غەزەپتە،
شۇدەم گويا زەيىد ئۆمەرگە جەڭدە قارشى تۇرغاندەك.
ئۇ تارتىدۇ ئېتىكىنى، مەغرۇر سىلكىپ بېشىنى،
بەلكىم تارتقان ئېتىكىنى دەل شۇ كىشى بولغاندەك.

ئۇ سەل ئويلاندى ـ دە:
— ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىزنىڭ دىيارىمىزدا پارس تىلىدا ئوقۇلىدۇ، ئەگەر پارسچە ئوقۇغان بولسىڭىز، چۈشىنىشكە ئاسانراق بولار ئىدى. چۈنكى، كىشىگە چۈشىنەلىشىگە قاراپ سۆزلىگىن، دېگەن ماقال بار، — دېدى.
مەن دېدىم:

تەبىئىتىڭ قىلسا ھەۋەس نەھۋىگە،
دىلىمىزدا ئورۇن يوقتۇر سەۋرىگە.

سەنكى ئاشىق كۆڭلىن ئالدىڭ سەيد لېكىن،
بىز بەند ساڭا، سەن ئۆمەرھەم زەيىد بىلەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا بىرسى ئۇنىڭغا: «ھېلىقى كىشى سەئىدى بولىدۇ» دەپ ئېيتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ قېشىمغا ئالدىراپ يېتىپ كېلىپ، مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ كەتتى ۋە ئەپسۇسلىنىپ:
— نېمىشقا شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان مەن سەئىدى دەپ ئېيتمايسىز؟ ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ قەدەم تەشرىپىگە تەشەككۇر بىلدۇرۇش ئۇچۇن خىزمەت

كەمىرنى باغلىغان بولاتتىم، ــــ دېدىم.

ــــ سېنىڭ ئالدىڭدا مەندىن (شۇ كىشى) مەن بولمەن دەپ ئاۋاز چىقىشى مۇمكىنمۇ؟ ــــ دېدىم مەن.

ئۇ دېدى:

ــــ بۇ ۋىلايەتتە بىرنەچچە ۋاقىت ئارام ئالسىڭىز، بىز خىزمىتىڭىزنى قىلىشتىن بەھرىمەن بولساق نېمە بولاتتى؟

مەن دېدىم:

ــــ مۇنۇ بىر ھېكايىنىڭ سەۋەبى بىلەن تۇرالمايمەن.

كۆردۈم مەن تاغ ئىچىدە دانانى،
غارغا تەڭ قىلماپتۇ بۇ دۇنيانى.
دېدىم «كىرمەيسەن شەھەرگە، نەچۈن؟
غەم ـ تۆكۈپ كېتەتتى تامام دىلدىن.»
دېدى: «كۆپ شەھەردە پەرى رۇخسارى،
لاي كۆپەيسە، پىلمۇ تېز شۇنچە پاتار!»

مەن شۇ سۆزنى ئېيتقاندىن كېيىن، بىر ـ بىرىمىزنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى سۆيۈشۈپ خوشلاشتۇق.

مەزكۇر ھېكايىدىن سەئدى قەشقەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا، ئۇنىڭ نام ـ شۆھرىتىنىڭ بۇ زېمىندا كەڭ تارقالغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ سەئدى تېخى ھايات ۋاقتىدىلا، ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى بۇ زېمىندا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئائىلىلەردە ساقلايدىغان مەنىۋى بايلىقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ «بوستان»، «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چوڭ ـ كىچىك مەدرىسىلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق قوللانمىلاردىن بىرى ھېسابلانغان.

سەئدىنىڭ جۇڭگودىكى تەسىرى شىنجاڭ دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇ تېخى ھايات ۋاقتىدىلا كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ خېلى كۆپ تارقالغان. بۇ توغرىلىق مەشھۇر ئەرەب سەيياھى،



www.uyghurkitap.com

تارىخچىسى ۋە جۇغراپىيە ئالىمى ئىبنى بەتۇتە (1304 — 1377) ئۆزىنىڭ مەشھۇر «سەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە 1348 - يىلى جۇڭگونىڭ خاڭجۇ شەھىرىدە زىيارەتتە بولغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا، مۇنداق يازىدۇ: «بىر ئەمىرزادە بىلەن بىر قېيىقتا چىقتۇق، قېيىقتا جۇڭگوچە، پارسچە ۋە ئەرەبچە ناخشا ئېيتالايدىغان مۇترىبلار[1] بار ئىدى. سەئىدىنىڭ بىر غەزىلى تېكىست قىلىنغان ناخشا ئېيتىلغاندا، ئەمىر زادىگە بەكلا يېقىپ قالدى بولغاي، مۇترىبلارنى ماختاپ كەتتى ۋە ئۇلارنى بۇ ناخشىنى تەكرار ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ناخشا مۇنداق باشلىناتتى:

«تا دىل بەمىھرەت دادېئەم،
دەر بەھر فىكر ئۇفتادە ئەم.
تا دەر ناماز ئىستادە ئەم،
گۇيى بەمىھراب ئەندەرى[2] »

مەنىسى:

مېھرىڭگە بەرگەچكە كۆڭۈل، قىلدىڭ خىيال بەھرىگە غەرق،
تاكى نامازغا تۇرغىچە، مېھرابقا دەۋەت ئەيلىدىڭ.

بۇ ئىككى بېيىت تولۇق بىر غەزەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۈزۈۋېلىنغان قىسقا بىر بۆلەك بولۇپ، مۇكەممەل بىر مەنە ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك ماتېرىياللىق قىممىتى بىلەن سەئىدى ئەسەرلىرىنىڭ تېخى ئاپتور ھايات ۋاقتىدىلا ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە تارقىلىپ نوپۇز پەيدا قىلغانلىقىنى مۇنازىرىسىز ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

سەئىدى ئۆزىنى سوزۇلغان سەرگەردانلىق ھاياتىدا ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆرمىگەن جاپالىرى قالمايدۇ. سانسىز قېتىم ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كېلىپ، يوقسۇزلۇق، ئاچلىق ۋە يالىڭاچلىقتىن چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىيىنىلىدۇ. سەھرالاردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئەسىرگە

[1] مۇترىب — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، سازچى، سازەندە دېگەنلىكتۇر.
[2] ئىبنى بەتۇتە: «سەپەرنامە» (پارسچە تەرجىمە نۇسخىسى) 2- توم، 516- بەت.

www.uyghurkitap.com

چۈشىدۇ. لېكىن، ئۇ تېگىدىن چىداملىق، غۇرۇرى كۈچلۈك شەخس بولغاچقا، ھەرقېتىم قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيدۇ. ئەتراپتىكى ئۆزىدىنمۇ بەتتەر ئەھۋالدا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ ھالىغا قاراپ كۆڭلىگە تەسەللى تېپىپ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئۈمىدسىزلىك، مەيۈسلۈككە ئورۇن قالدۇرمايدۇ. ئۇ بىر قېتىم يالاڭ ئاياغ قېلىپ قاتتىق قىينالغانلىقىنى ۋە قانداق قىلىپ ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى تاپقانلىقىنى «گۈلىستان»دا مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

«ئۆتۈپ بېرىۋاتقان زاماندىن ھەرگىز زارلانمىغانىدىم، پەلەكنىڭ گەردىشىدىن يۈزۈمنى پۈرۈشتۈرمىگەنىدىم. پەقەت بىر چاغدا يالاڭ ئاياغ قالدىم. كېيىش سېتىۋېلىشقا پۇلۇم يوق ئىدى. غەمكىن بولۇپ، كۇفە جامەسىگە كىردىم، ئۇ يەردە بىر ئادەمنى كۆردۈمكى، ئۇنىڭ پۇتىمۇ يوق ئىدى. ھەق تائالانىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلدىم ـ دە، كېيىشىم يوقلۇقىغا سەۋر قىلدىم...»

قىيىنچىلىق سەئىدىنىڭ جاھانكەزدىلىك يولىنى توسۇپ قالالمايدۇ، ئۇ توختاۋسىز ھالدا بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە، بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئۇ نەگىلا بارسا، كوچا ياكى مەيدان، مەسچىت ياكى مۇقەددەس مازارلار، ئومۇمەن ۋەز ئېيتىشقا قۇلايلىق بولغان ھەرقانداق بىر جايدا ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەرنى ئولاشتۇرۇپ ۋەز ئېيتاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامدايتتى. بىر يەردە ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرىنىڭ سانى كېمەيسە، يەنە بىر يەرگە كۆچەتتى. ئۇنىڭ ۋەزلىرىنىڭ مەزمۇنى خىلمۇخىل بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، چاھارىيار (تۆت خەلىپە)، مەشھۇر شەيخ ۋە سوپىلارنىڭ ھايات ـ پائالىيەتلىرى ۋە تۈرلۈك پەندۇ نەسىھەتلەر ۋەزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلاتتى. بولۇپمۇ سەئىدى ئەخلاق ۋە رېئال ھاياتتا دائىم ئۇچرايدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، بايلىق ۋە كەمبەغەللىك، ئەمەلدارلار ۋە ئاددىي پۇقرالار، پانىي ۋە باقىي ئالەم، ئېتىقاد ۋە تەقدىر، ئادىللىق ۋە زالىملىق، ئاددىي خەلقنىڭ نېمىلەر ئۈچۈن كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەكلىكى، شۇنداقلا دۆلەتنى ئوبدان باشقۇرۇش، ئەلنى ئامان، خەلقنى باياشات ۋە خاتىرجەم قىلىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ بارلىق ۋەز ـ تەرغىباتلىرىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە مىساللار، ھەقىقەتكە مايىل، قىزىقارلىق ھېكايىلەر، رېئال ھاياتتىن ئېلىنغان قايىل

قىلىش كۆچى كۆچلۈك بولغان تۇرلۇك ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ئۆزىنىڭ يىغىنچاق ھەم مېغىزلىق شېئىرلىرى بىلەن بېزەپ، تەسىرچانلىقىنى ئاشۇراتتى. ئەمەلىي مەيدانلاردا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە كۆپرەك ياققان، سىناقتىن ئۆتكەن بەزى تەسىرلىك پارچىلارنى خاتىرىلىۋالاتتى ۋە بۇ خاتىرىلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلدى.

سەئىدىنىڭ ئىلمگە بولغان چەكسىز ئىشتىياقىمۇ ئۇنىڭ جاھان كېزىپ، ئەل ئارىلاپ يۈرۈشىدىكى سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. رۇس شەرقشۇناسى ئاكادېمىك س.ف ئورىنبورگ (1863 — 1934) بۇ ھەقتە توختىلىپ، «سەئىد ئۇلۇغ خەلقشۇناس ئىدى. ئۇ دائىم ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە ناھايىتى قىزىقاتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ۋە ئوخشىمىغان قوۋملارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇشنى ئويلاتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىدىغان بولساق، ئۇ بۇلاردىن مۇنداق بىر خۇلاسىگە كەلگەن: ‹ئوخشىمىغان ئەللەردىكى خەلقلەر ۋە قوۋملار بىر ـ بىرىدىن ناھايىتى ئاز پەرقلىنىدىكەن، ئۇلار ئوخشاش نەرسىنى ياخشى كۆرىدىكەن ۋە ئوخشاش نەرسىدىن نەپرەتلىنىدىكەن› دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ سەئىدىنىڭ ئەل كېزىپ، يۇرت ئارىلاپ يۈرۈشتىكى مەقسىتى ھەرقايسى ئەل ۋە يۇرتلارنىڭ تەبىئىي بايلىقى ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى ئىگىلەش بولماستىن، بەلكى ئوخشىمىغان ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تونۇش، مەنىۋىيىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەمشۇناسلىق ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا ئۇ بارغانلا يېرىدە، ئوخشىمىغان قوۋم ۋە تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەر — دەرۋىشلەر، شەيخلەر، سوپىلار، دىنىي ئۆلىمالار، زاھىتلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئەدىب ۋە شائىرلار، ئەمەلدارلار، ئاددىي پۇقرالار بىلەن يېقىندىن تونۇشتى. شۇ ئارقىلىق ھەم ئۆگەندى، ھەم ئۆگەتتى. بولۇپمۇ ئۇ ئاددىي، جاپاكەش خەلققە ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلىش نەزىرى بىلەن قارايتتى ۋە ئۇلارغا بىلىم ئىگىلەش، ھۈنەر ئۆگىنىش، ئادەمگەرچىلىك، كۆيۈمچانلىق، ئىتتىپاقلىق قاتارلىقلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا تەلىم بېرەتتى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئاڭلىغۇچىلىرىمۇ ئاددىي پۇقرالار ئىدى. سەئىدىنىڭ بۇ جەرياندا توپلىغان ماتېرىياللىرى ۋە ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرى «گۈلىستان» ۋە «بوستان» غا ئاساس بولدى.

سەئىدىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بەزى بايانلاردىن

ئۇنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشتا بەختلىك بولالمىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى قېتىم قانداق ئۆيلەنگەنلىكى «گۈلىستان»دا مۇنداق ھېكايە قىلىنىدۇ: «(بىر چاغدا) دەمەشىقتىكى يارانلىرىمنىڭ ئۈلپەتچىلىكىدىن زېرىكىپ، قۇددۇس چۆلىگە (ئىرۇسالىمدىكى چۆللەرنىڭ بىرى) باش ئېلىپ كەتكەنىدىم. بۇ يەردە ھايۋانلار بىلەن ئۈلپەتچىلىك قىلىشقا كىرىشتىم. بىر ۋاقىت كېلىپ، فەرەڭ (سەلىپدار) لارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشتۈم. ئۇلار تەرە بولس (تىرىپولى شەھىرى) خەندەكلىرىدە مېنى جوھۇتلار بىلەن بىرگە لايچىلىق ئىشلىرىغا سالدى. شۇ ئارىدا ئىلگىرى تونۇشلۇقىمىز بولغان ھەلەپ شەھىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بىرى يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مېنى تونۇپ قالدى ـ دە، توۋلىدى:

—— ساڭا نېمە ئەھۋال بولدى؟ —— مەن دېدىم:

—— نېمىنى ئېيتاي؟

«كىشىلەردىن قېچىپ كەلدىم تاغ ـ باياۋانغا،

ھەقتىن باشقا ھېچكىم بىلەن يوق ئىدى ئىشىم.

قىياس قىلغى، ھالىم نىچۇك ئۇشبۇ ھالەتتە،

بىر ئېغىلدا ھايۋان بىلەن ئۆتەر تۇرمۇشۇم.

دوستلار بولسا ياخشى، بولسام كىشەندە،

يات بىلەن بولغاندىن بوستان ـ چىمەندە.»

بۇ ھالىمغا ئەمەلدارنىڭ رەھىمى كېلىپ، 10 دىنار بىلەن مېنى فەرەڭلەرنىڭ زەنجىر ـ كىشەنلىرىدىن قۇتقۇزۇۋالدى ـ دە، ئۆزى بىلەن بىللە ھەلەپ شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى ماڭا نىكاھ قىلىپ بەردى. تېخى قىزنىڭ ھەققى مېھرىدىن 100 دىنار پۇلنىمۇ قوشۇپ بەردى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قىزنىڭ خۇيى يامانلىشىپ، ھە دېسە جېدەل قىلىدىغان، گەپكە كىرمەيدىغان بولۇۋالدى، تىلى بارغانسېرى ئۆزگىرىپ، تۇرمۇش ھالاۋىتىمنى بۇزۇۋەتتى.

ياخشى ئەر ئۆيىدە بىر يامان خوتۇن،

بىل دۇنيادا دوزاخ ئەر ئۈچۈن.

ھەزەر قىل، يامان خوتۇن باشقا بالا،
بىزنى ئوت ئازابىدىن ساقلا ئاللا.

بىر قېتىم ئۇ ھاقارەت تىلىنى قويۇۋېتىپ:

— ئاتام سېنى فەرەڭلەرنىڭ كىشەنلىرىدىن 10 دىنارغا سېتىۋالغان ئەمەسمۇ؟ — دېگەنىدى.

مەن:

— توغرا، مېنى فەرەڭلەردىن 10 دىنارغا سېتىۋېلىپ، يۈز دىنارغا ساڭا ئەسىر قىلىپ قويدى! — دەپ جاۋاب بەردىم.

بىر قوينى بىر چاغدا ئەمەلدار ئادەم،
بۆرىنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇزغان بەردەم.
كەچقۇرۇن بوغۇزىغا پىچاق سۈرگەنتى،
قوينىڭ جېنى قاقشاپ شۇنداق دېگەنتى:
«تارتىۋالدىڭ بۆرىدىن مېنى سالامەت،
ئۆزۈڭ بۆرە ئىكەنسەن بىلدىم ئاقىۋەت!»...

سەئىدى يەنە بىر شېئىرىدا يەمەننىڭ سەنئا شەھىرىدە ئۆي - ئوچاقلىق بولغانلىقىنى ۋە بىر ئوغلىنىڭ تۇغۇلۇپلا توگەپ كەتكەنلىكىنى ئەلەم بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكى بىزگە نامەلۇمدۇر.

ئۇزۇن يىللىق سەرگەردانلىقتىن كېيىن، سەئىدى ئاخىر 13 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا دەمەشىق شەھىرىدە ماكانلىشىپ ھاسىل قىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ۋە جۇغلىغان مول ماتېرىياللىرى ئاساسىدا 1257 - يىلى چوڭ ھەجىملىك نەزمىي ئەسىرى «بوستان»نى يېزىپ تاماملايدۇ ۋە ئۇنى شۇ ۋاقىتتىكى فارس ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى ئەبۇ بەكرى ئىبىن سەئىدى زەنگى (1226 — 1260) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سەئىدى ئىبىن ئەبۇبەكرى (دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن 12 كۈن كېيىن ۋاپات بولغان) گە بېغىشلايدۇ. «بوستان»دىن ئىلگىرى سەئىدى ئاساسەن ئەخلاق ۋە ئىشقى تېمىلاردا غەزەل ۋە قەسىدىلەرنى

يازغان. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم غەزەللىرى ئوقۇغۇچىلىق ۋە سەرگەردانلىق دەۋرىدە يېزىلغان. سەئدى «بوستان»نىڭ كىرىش قىسمىدا يېزىشىچە، ئۇنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەسەرلىرى زاكازچىلار شېئىرشۇناسلار، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئانچە شۆھرەت قازىنالمىغان. چۈنكى بۇ تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ھاكىملارنىڭ ھەشەمەتلىرى توغرىسىدىكى مەدھىيىلەر، لەشكەر باشلاپ جەڭ قىلغان شاھ، ۋەزىرلەرنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدىكى «ئاجايىپ باتۇرلۇق»لىرى توغرىسىدىكى ھەمدۇسانالار ئىدى. سەئدى بۇنداق «باتۇرلۇق» لار دەستىدىن ئاددىي خەلقلەرنىڭ قانداق كۈنلەرگە قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن تالاي قېتىم كۆرگەچكە، مەدداھلار ۋە مەدداھلىقتىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى: «بوستان» يېزىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، مەيلى ئوخشىمىغان مەرتىۋە، دەرىجىدىكى ھاكىم - ئەمەلدارلار ياكى زاكازچى سودىگەرلەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ سەئدىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىراقلا ئۆزگىرىدۇ. فارس ھاكىمى ئاتابېك ئەبۇبەكرى ئىبنى سەئدى زەنگى سەئدىنى ئوردا خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىدۇ. سەئدى گەرچە بۇ ھاكىمنى ئۆزگىچە تەدبىرلەر بىلەن فارس ئۆلكىسى ۋە بۇ يەردىكى ئاھالە بىلەن بىرگە ئىران خەلقلىرىنىڭ خېلى كۆپ بىرقىسىم مەنىۋى بايلىقلىرىنى موڭغۇللارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىدىن ساقلاپ قالغىنى ئۈچۈن، ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەتلەپ، مەخسۇس قەسىدىلەرنى يېزىپ، شەنىگە نۇرغۇن مەدھىيىلەرنى ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەكلىپىنى سىلىقچە رەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوردىغا بارماسلىقىدىكى ھەقىقىي سەۋەب، ئۇ ئوردىدىكى مەدداھ - شائىرلارنىڭ تەقدىرىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەرزىمەس بىر ئىشلار تۈپەيلىدىن شاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ يا باشلىرىدىن ئايرىلاتتى ياكى قاراڭغۇ زىندانلارغا ئۆمۈرلۈك قامىلاتتى. بۇ يولغا كىرىپ قالغان نۇرغۇن ھەقىقىي ئىستېداتى بار شائىرلار جېنىنى ساقلاپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۆتكۈر زېھنىلىرىنى مەدداھلىق بىلەن گاللاشتۇرۇۋېتەتتى.

سەئدى 1258 - يىلى ئايرىلغىلى ئۇزۇن زامانلار بولغان ئەسلىي يۇرتى شىرازغا كۆچۈپ بارىدۇ. ئۇ شىراز شەھىرىنىڭ 1203 - يىلىدىن 1223 - يىلىغىچە خارەزم شاھلىرى ۋە ئەزەربەيجانلىق ئاتابېكلەر تەرىپىدىن ئالتە قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغانلىقىنى ھەم ئۇنى موڭغۇللارنىڭ قايتا كەڭ دائىرىدە بۇلاش خەۋپىنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن، سەئدى شىرازغا قايتىپ،

ئۇنىڭ نىسبەتەن تىنچ ۋە مۇقىم مۇھىتىنى كۆرۈپ، كۆڭلى سۆيۈنۈپ كېتىدۇ ۋە ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يەنە بىر چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى «گۈلىستان»نى يېزىپ تاماملايدۇ. سەئىدى بۇ ئەسىرىنىمۇ فارس ھاكىمى ئەبۇ بەكرى ئىبنى سەئىدى زەنگىگە بېغىشلايدۇ. ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى بىلەن كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشكەن سەئىدى كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئوردىغا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ، ئۆزىنى ئوردا ھاياتىدىن قاچۇرىدۇ.

بۇ دەۋردىكى موڭغۇل ھاكىملىرىدىن ھىلاكۇخانىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئاكا ـ ئۇكا جۇۋەينىلەر (خوجا شەمسىددىن جۇۋەينى ساھىب دىۋان شۇ زاماندىكى مەشھۇر سىياسىي ئەربابلاردىن بىرى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئەلا ئۇددىن ئەتامالىك جۇۋەينى ‹1225 – 1282› مەشھۇر تارىخچى بولۇپ، «تارىخىي جاھانكۇشاي» ناملىق تارىخىي ئەسەرنىڭ ئاپتورىدۇر) سەئىدىنىڭ يېقىن سىرداشلىرى ئىدى. ئۇلار سەئىدىگە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئىلمىي ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەئىدى «ساھىبنامە» ناملىق بىر ئەسىرىنى بۇ ئاكا ـ ئۇكا ساھىب دىۋانلارغا بېغىشلىغان. ئۇلارمۇ سەئىدىنى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان تەبرىز شەھىرىگە كېلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىششقا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، سەئىدى ئوخشاشلا قېرىلىق خالىيلىقتىكى دۇئا ـ تىلاۋەتنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنىمۇ رەت قىلىدۇ. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئەرەبىستان ۋە ئەزەربەيجانلارغا قىلغان ئىككى قېتىملىق قىسقا مۇددەتلىك سەپىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرقايسى ھاكىم ۋە ئەمەلدارلاردىن مۇكاپات ۋە باشقا شەكىللەردە كەلگەن سەرمايىلەرنى سەرپ قىلىپ شىراز شەھىرىنىڭ سىرتىغا بىر خانىقا سالدۇرۇپ، كېيىنكى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئىجادكارلىق ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. سەئىدى ئاخىرقى ئون يىللىق ھاياتىدا يېزىقچىلىقتىن تامامەن قول ئۈزىدۇ. ھەتتا ئۆزى بىلەن ئۈزۈن مۇددەتلىك تونۇشلۇقى بار ئاكا ـ ئۇكا جۇۋەينىلەر قەتل قىلىنغاندىمۇ ئۇنىڭدىن بىرەر پارچە مەرسىيە ياكى باشقا شەكىلدە سادا چىقمايدۇ. ئۇ 1292 ـ يىلى 103 يېشىدا ئالەمدىن كۆز يۇمىدۇ ۋە جەسىتى ئۆزىنىڭ «سەئىدىيە» دەپ ئاتىلىدىغان خانىقاسىغا ئىززەت ـ ئېكرام بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەقبەرىسى ھازىرغىچە ئىخلاسمەنلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ، يىل بويى تاۋاپقا كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

— بوۋا! سەئدى شىرازنىڭ ئىلىمگە بولغان چەكسىز ئىشتىياقى، ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى ۋە ئۇنى چىدام - غەيرەت بىلەن يېڭىپ ھاسىل قىلغان تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ بۇ جاھانكەزدى مۇتەپەككۇرنى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلغانلىقىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدىڭىز ۋە تەرىپلىدىڭىز. مەنمۇ بۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرگە بۆلەكچىلا قىزىقىپ قالدىم. مۇمكىن بولسا، سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

— ئەمىسە، قۇلاق سال، ئوغلۇم.

سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرى سەئدى ئەسەرلىرى رەت تەرتىپىدە دائىم «بوستان»نىڭ ئالدىغا تىزىلسىمۇ، لېكىن ئۇ «بوستان»دىن بىر يىل كېيىن، يەنى 1258 - يىلى ئىجاد قىلىنغان. ئەسەر سەككىز بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، نەسرىي شەكىل بىلەن نەزمىي شەكىل ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. تىل جەھەتتە ئاۋام تولۇق چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي تىل بىلەن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەر ناھايىتى تېزلا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا كەڭ تارقىلىپ، كاتتا شۆھرەت قازانغان.

ئەسەرنىڭ ئىجادىيىتىگە پەقەت ئۈچ ئايلا ۋاقىت سەرپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسەن ئاپتورنىڭ ئۆزىنى مۇددەتلىك سەرگەردانلىق (جاھانكەزدىلىك) ھاياتى جەريانىدا توپلانغان، قايتا - قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، پىششىقلانغان مول ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا، مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن ياكى بەدىئىي شەكىل جەھەتتە بولسۇن، شۇ دەۋردىكى پارس تىللىق ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن.

«گۈلىستان» دىداكتىك (ئەخلاق، تەربىيە، پەند - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى) ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەخلاق، تەربىيىۋى مەسىلىلەرگە ئائىت مۇلاھىزىلەر بەزى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن سەككىز بابقا بۆلۈنگەن. ئەسەردە باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرىدىغان ۋەقەلىك لىنىيىسى يوق. ھەربىر بۆلەك نەسرىي شەكىلدە ۋەقەلىكنىڭ جەريانى قىلىنىپ، نەزمىي شەكىلدە خۇلاسىلەنگەن قىسقا ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ ھېكايىلەرنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ، پەقەت مەنتىق جەھەتتىنلا بىر - بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ. نەسرىي تېكىستلەرنىڭ كۆپ قىسمى سەبئى (قاپىيىداش) شەكىلدە يېزىلغاچقا، كۈچلۈك شېئىرىي پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. ئاپتور ئۆز تەشەببۇسلىرىنىڭ قايىل قىلىش

كۆچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۈرلۈك شەكىلدىكى ھېكمەتلەر، قىزىقارلىق لەتىپىلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، ئىبرەتلىك مەسەللەر، تارىخىي رىۋايەتلەر قاتارلىقلاردىنمۇ كەڭ كۆلەمدە پايدىلانغان.

«گۈلىستان»نىڭ تەسىر دائىرىسى پارس تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ مەيدانغا كەلگەن دەۋرلەردىن باشلاپلا شەرق ۋە غەربتىكى ئوخشىمىغان قوۋم ۋە خەلقلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەم ئەخلاق، ھەم پارس تىل ـ ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىدىغان دەستۇرىغا ئايلانغان. شىنجاڭ تارىخىدىمۇ «گۈلىستان» ئىجاد قىلىنغان دەۋرلەردىن تارتىپلا كەڭ تارقالغان ۋە ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان چوڭ ـ كىچىك مەدرىسىلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە قوللىنىلغان كىتابلارنىڭ بىرىدۇر.

ئوغلۇم! سەئدى «گۈلىستان»دا جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق ھادىسىنى ئەخلاق تارازىسىدا ئۆلچەپ، ئۇلارنىڭ قىممىتى توغرىسىدا كونكرېت پىكىر بايان قىلىپ، شۇ دەۋر ياكى ئومۇمەن كىشىلىك ھايات ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيىتى بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن بايان قىلىش بىلەن بىرگە، كىشىلەر ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدىغان مەسىلىلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەيدۇ.

مەن ۋاقىت ۋە سەھىپە ئېتىبارى بىلەن سەئدى «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرىدە ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ھازىرقى شارائىتتىمۇ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك بولغان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەي، ھايات مۇساپەڭدە تۇرمۇش ئەينىكى قىلارسەن.

سەئدى «گۈلىستان»دا ئىنسانلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم دەپ قارىغان ۋە كۆپ خىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىنىش مەسىلىسىدۇر.

ئوغلۇم، ئىنسان ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن باشقا مەۋجۇداتتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىنسان بار كۈچى بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك. بۇنىڭ يولى ئىلىم ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلەشتە. ئىلىم ۋە ھۈنەر ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇپ، ئۆز تۇرمۇشىنى باياشاتلىق بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ئاچقۇچ. شۇڭا، ئىلىم ـ ھۈنەر ئىگىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ۋە پەرھىزدۇر. چۈنكى مال ـ دۇنيا ھەرقانچە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ساڭا

تولۇق بەخت ـ سائادەت ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بولالمايدۇ. مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش قانچىلىك قىيىن بولسا، ئۇنى ساقلاپ جايىدا خىراجەت قىلىش تېخىمۇ قىيىن، ئۇ سەرپ قىلىغانسېرى ئازلاپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ئوغرىلىنىش، ئوت، سۇ ئاپىتىگە ئۇچراش، بۇلىنىش، ئالدامچىغا ئۇچراپ قاقتى ـ سوقتى قىلىنىش، سودىدا زىيان تارتىش قاتارلىق خېيىمخەتەرلەردىن خالىي ئەمەس. ئەمما، ئىلىم ـ ھۈنەر يۇقىرىقىدەك خېيىمخەتەردىن دەخلىسىز، ئۇنى سەندىن ھېچقانداق ئادەم ھەرقانداق ۋاستە بىلەن تارتىۋالالمايدۇ. بەلكى قەلبىڭدە تۈگىمەس بايلىق بولۇپ مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

ئىلىم ـ ھۈنەر ئىشلەتكەنسېرى مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. مۇكەممەللەشكەنسېرى سېنى ئىززەت ـ ھۆرمەتكە، مال ـ دۇنياغا ئىگە قىلىدۇ.

بولغاندىمۇ سەندە ئالتۇن قارۇنچە،
ئۆز ئوغلۇڭنى قالدۇرمىغىن ھۈنەرسىز.
ئىشەنچ قىلما دۆلىتىم بار، مېنىڭ دەپ،
ئۆلۈپ پۈتسەڭ تۈگەر بايلىق بەكمۇ تېز.
بوشاپ قالۇر ئالتۇن، كۈمۈش ھەميانى،
بوشىمايدۇ ھۈنەرۋەننىڭ بەلۋېغى.

شۇ ۋەجىدىن ئىلىم ـ ھۈنەرلىك ئادەم مەيلى قەيەردە ياشىمىسۇن، خار بولمايدۇ. بەلكى ئىلىم ـ ھۈنىرى بىلەن ھۆرمەتلىنىدۇ، تۆر شۇنىڭ بولىدۇ.

ئۆز شەھرىدىن كەتسە موزدۇز ياقا يۇرتقا،
ھۈنەر بىلەن تارتماس جاپا ـ مۇشەققەت.
نىمروز شاھى[1] ئۆز ئېلىدىن ئايرىلسا،
ئاچلىق قىيناپ باسار ئۇنى پالاكەت.

ئوغلۇم، ئىنسان بالىسى ئۈچۈن بىلىمسىزلىكتىن چوڭ ئەيىب يوق. بىلىمسىزلىك ـــ ساقايماس كېسەل، دىلى قارىلىق، نادانلىق، كۆزى ئوچۇق

[1] نىمروز ـــ يەر ئىسمى.

قارىغۇ، بىلىمسىزلىكنى يەنە ھەرقانداق كەمسىتىش سۆزلىرى بىلەن سۈپەتلىسەك ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

ئىلىم ۋە ھۈنەر كۆزى يوققا كۆز، پۇتى يوققا پۇت، قولى يوققا قول، تىلى يوققا تىل بولالايدۇ. ئۇ ھايات مۇساپەڭنى يورۇتقۇچى مەشئەل، مۇبارەك جىسمىڭغا روھىي ئوزۇق، پۇت ـ قولۇڭغا كۈچ ـ ماغدۇر، تۇرمۇشۇڭ ئۈچۈن قورۇماس بۇلاقتۇر. شۇڭا ياشلىقىڭدا ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىشتىياق باغلا، بۇ ئىشتىياق بىردەملىك قىزغىنلىق ۋەياكى يېرىم ـ يارتا بولۇپ قالمىسۇن. بۇزرۇكلار ئىلىمنىڭ خاسىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلايدۇ: «بىر سائەتلا بىلىم ئۆگىنىش بىر كېچىلىك ئىبادەتتىن ياخشى، بىر كۈنلۈك دەرس بولسا، ئۈچ ئاي تۇتۇلغان نەپلى روزىدىن ياخشىدۇر».

ئوغلۇم، ئىلىم ـ ھۈنەر ئىگىلەشتە، ئازراق نەرسە ئۆگىنىپلا بولدى قىلىش ۋە ئۆزىگە تەمەننا قويۇش تولىمۇ ئەخمەقلىق، ئىلىم دېڭىزى ناھايىتى چوڭقۇردۇر، ئۇنىڭ تېگىگە يەتمەي تۇرۇپ دۇر ـ گۆھەر سۈزگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئىلىم ـ ھۈنەرنى ئىشتىياق بىلەن پىششىق، پۇختا، زامانغا لايىق دەرىجىدە ئىگىلەپ، تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۇرۇپ ۋە يېڭىلاپ تۇرۇش لازىمدۇر. چۈنكى ئىلىم ـ ھۈنەرنىڭ يېڭى، پۇختا، پىششىق بولسا، خېرىدارىڭ كۆپ، ئىش ـ ئوقەتىڭ يۇرۇشلۇق بولىدۇ. بولمىسا خېرىدارسىز قالىسەن، «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك؟» دېگەندەك بىر ئىش بولىدۇ.

كىشىدە بولسا بىلىم ۋە مەردلىك،
نە پەرق قىلغاي كىشىدىن نەقشى دىۋار؟[1]
ئەمەس دۇنيا تېپىش خىسلەت، پەزىلەت،
بىراۋنىڭ كۆڭلىنى تاپقىن ئىلاج بار.

ئوغلۇم، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ سېنى چىڭ تۇتۇشى، ياشلىقىڭدا ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي، ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۇرۇشى سېنىڭ كېيىنكى كۈنلەرنى ئاتا ـ ئاناڭسىزمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈشۈڭ، جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ قالغۇچى ئەمەس، بەلكى ئادەملىك سالاھىيىتىڭ بىلەن جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقۇچى بولۇشۇڭ ئۈچۈندۇر. بىلىشىڭ كېرەككى، ئاتا ـ ئاناڭ ساڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ ۋە باشپاناھ بولالمايدۇ.

---

[1] بۇ مىسرا «ئادەم بىلەن تامدىكى سۈرەتنىڭ نېمە پەرقى بار» دېگەن مەزمۇندا.

ھەممە ئىشتا ئۆزۈڭگىلا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ياشلىق دەۋر ئىلىم ـ ھۈنەر ئىگىلەشنىڭ ياخشى پەيتى. توققۇزىنىڭ تەل، زېھنىنىڭ ئۆتكۈر، بۇنداق شارائىتتا تىرىشساڭلا، ئىرادە بولسىلا ھەرقانداق ئىلىم ـ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ كېتەلەيسەن. ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز بۇ ھەقتە: «ياشلىقتا ئۆگەنگەن بىلىم تاشقا ئويۇلغان نەقىشتەك» دەپ ئېيتقان. باسقاندەك ئەستە قالىدۇ، قېرىلىقتا ئۆگەنگەن ئىلىم قۇمغا خەت يازغاندەك ئاسان ئۆچۈرۈلۈپ كېتىدۇ» دەپ توغرا ئېيتىدۇ.

ئوغلۇم بەزى چاغلاردا «باشقىلارنىڭ بالىلىرى ئۆزى خالىغىنىنى قىلالايدىكەن، ئۆيدە بەكمۇ ئەركە ئىكەن، ئاتا ـ ئانىسى بالىلىرى نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىدىكەن،... بىزنىڭ ئۆيدە شۇ...» دەپ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ سېنى چىڭ تۇتقانلىقىدىن نارازى بولىسەن. ئەمەلىيەتتە ئاتا ـ ئاناڭنىڭ سېنى چىڭ تۇتقانلىقى ساڭا كۆيۈنگەنلىكى، بىلىشىڭ كېرەككى. ئاتا ـ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى تونۇغان ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. چۈنكى پەرزەنت ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆمۈر مېۋىسى، ھاياتىنىڭ راۋاجى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئورۇندىغۇچىسى، شۇنداق ئىكەن، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ سېنى چىڭ تۇتۇشى تولىمۇ يوللۇق ۋە ئورۇنلۇقتۇر.

ئەگەر ئىنسان ئۆز ھاياتىدىن ياخشى نام ـ نىشان قالدۇرۇشنى ئويلايدىكەن، ئۇ چوقۇم ھاياتىنىڭ داۋامى ۋە ۋارىسى بولغان پەرزەنتىنىڭ تەربىيىسىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇلارغا ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ بىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىشى كېرەك. ئۆز پەرزەنتىنى ئەركىلىتىپ چوڭ قىلىش، ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى كېچىكتۈرمەي ئورۇنداپ بېرىش، ئالدىنى توسماسلىق، خەج ـ خىراجىتىنى ئاشۇرۇپ بېرىش قاتارلىقلار ۋە قول ئىلكىدىكى مال ـ دۇنياغا ئىشىنىپ، پەرزەنتلىرىنى ئىلىم ـ ھۈنەرسىز قويۇش كېيىنكى كۈنلەردە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نامىغا داغ كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزىنىمۇ قىيىن كۈنلەرگە قالدۇرىدۇ.

ياخشى نامىم قالسۇن دېسەڭ ئۆلگەندە،
ھۈنەر ئۆگەت، بىلىم بولسۇن ئوغلۇڭدا.
ئەگەر ئۇنىڭ ئەقىل ـ دىتى بولمىسا،
نىشان قالماس بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭدا.
ئاتا ـ ئانا، ئەركىلىتىپ چوڭ قىلسا،
كېيىن ئوغۇل قالار يامان جاپاغا.

سەئىدى شۇنداق دەيدۇ: «ئاتاڭدىن مىراس كېرەك بولسا،
بىلىم ئۆگەن، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى بىر كۈنلا خەجلىنىپ تۈگەيدۇ، بىلىمىڭ بولۇر.»
(«گۈلىستان»دىن)
«بايلىق بابىدا خەرىدۇن بولسىمۇ، بىلىمسىزنى سەن ئادەم دەپ سانىما.»
(«گۈلىستان»دىن)

## ھېكايەت

بىر دانىشمەن ئوغۇللىرىغا مۇنداق دەپ نەسىھەت قىلاتتى: «جېنىم باللىرىم، ھۈنەر ئۆگىنىڭلار، چۈنكى دۇنيانىڭ مال ۋە بايلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ بولمايدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش دېگەن نەرسە بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا خەتەر ئۈستىدىدۇر. يا ئوغرى سۈپۈرۈپ كېتىدۇ ياكى ئىگىسى ئاز ـ ئازدىن يەپ تۈگىتىدۇ. ئەمما ھۈنەر پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلاق ۋە ئەبەدىي بايلىقتۇر. ئەگەر ھۈنەرۋەن دۆلىتىدىن يىقىلسا ھېچبىر غەم قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھۈنەر بايلىق، نەگە بارسا ھۆرمەت تاپىدۇ ۋە تۆرde ئولتۇرىدۇ. ھۈنەرسىز ئادەم بولسا تىلەمچىلىك قىلىدۇ، موھتاجلىق تارتىدۇ».
ئوغلۇم! ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئىلىم ـ ھۈنەر بوشاڭلىق بىلەن، ئىجتىھاتسىز قولغا كەلمەيدۇ. بەلكى سەئىدىلەرچە ئىشتىياق ۋە چىدام ـ ھىممەت بىلەن قولغا كېلىدۇ. باشقىلار بىلەن ئىلمىي يوسۇندا، ئەدەپلىك بەس ـ مۇنازىرە قىلىش، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ھەسەت قىلماستىن بەلكى ئۇ ئارتۇقچىلىقنى ئۆرنەك قىلىش، تېخىمۇ مۇھىمى، بىلمىگەنلەرنى نومۇس قىلماي، سوراپ ئۆگىنىۋېلىش كىشىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئىلىم ـ ھۈنەرگە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا ئىلىم تەلەپكارلىرى «بەس ـ مۇنازىرىسىز ئىلىمنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم ئەمەس»، «بىلمىگەننى بىلمەيمەن دېيىش نومۇس ئەمەس، بەلكى بىلمىگەننى سورىماسلىق نومۇس» دەپ توغرا ئېيتىدۇ.

## ھېكايەت

مەشھۇر ئالىم ئىمام مۇرشىد مۇھەممەد غەززالى (مىلادىيە 111 ـ يىلى ۋاپات بولغان) دىن كىشىلەر سوراشتى: «سەن ئىلىم ـ پەننىڭ بۇنداق ئېگىز

چوققىسىغا قانداق يېتىشتىڭ؟» ئۇ جاۋاب بەردى: «بىلمىگەنلەرنى سوراشتىن نومۇس قىلمىدىم!».

ئوغلۇم! ئىلىم ـ ھۈنەر ئىگىلەشتە يەنە شۇ نەرسە ئېنىق ۋە روشەن بولسۇنكى، ئىلىم ۋە ھۈنەر ئەمەلىي ئىشلىتىش جەريانىدىلا قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ، ئىلىم ـ ھۈنەر ئىشلىتىلمىسە، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭ ۋە ئۆزگىلەر بەھرە ئالالمىسا، ئۇ تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇپ يېيىلمىگەن نانdەك بولۇپ قالىدۇ.

ئىشلەتمىسەڭ پايدا يوقتۇر ھۈنەر ـ پەندە،
پۇراق بېرەر ئارچا ئوتتا، مۇشك سۈرتكەندە.

(«گۈلىستان»دىن)

شۇڭا ئىلىم ـ ھۈنەرنى ئۆگىنىش جەريانىدىمۇ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ئۆگىنىش، ئۆگەنگەندىن كېيىنمۇ جەمئىيەت ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ئاۋامغا نەپ يەتكۈزەلىسەڭ، شۇندىلا ئۆگەنگەنلىرىڭ ھەقىقىي ئىلىم ۋە ھۈنەر سۈپىتىدە نامايان بولالايدۇ. بولمىسا كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەكتىن نېمە پەرقىڭ بولىدۇ؟

بۇ ھەقتە سەئدى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ: «ئىككى كىشى ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بىرى، بار تۇرۇپ يەپ ـ ئىچمىگەن، يەنە بىرى بىلىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق ھېچ ئىش قىلمىغان. ‹كىمكى ئىلىم ئۆگىنىپ ئەمەلدە ئىشلەتمىسە، يەرنى ھەيدەپ قويۇپ، ئۇرۇق چاچمىغانغا ئوخشاش.›

ئىلىمنى قانچىلىك ئۆگەنسەڭ، ئۆگەن،
مۇبادا ئىشلەتمىسەڭ نادانسەن.
ئەمەسسەن نە ئالىم، نە بىر دانىشمەن،
تۆت پۇتلۇق ئۇلاغسەن، كىتاب يۈكلەنگەن.
ئۇ بىر مېڭىسىزكى، ھېستىن بىخەۋەر،
بىلمەس ئۈستىدىكى ئوتۇنمۇ، دەپتەر[1].

[1] دەپتەر ــــ كىتاب مەنىسىدە.

ئوغلۇم، ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ساڭا ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگەتكەن ئۇستازلىرىڭنى ۋە ئىلىم ـ ھۈنەر ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلىگەيسەن، چۈنكى ئۇلار ئەڭ ھۆرمەتكە، قەدىرلەشكە تېگىشلىك كىشىلەر. بىلىشىڭ كېرەككى، «بىر مىللەت، بىر ئەل، بىر مەملىكەت ئۆز ئالىملىرى بىلەن ھۆسن ـ جامال تاپىدۇ.» (سەئىدى) دۇنيا بىر ئەلنى ئۇنىڭ ئالىملىرى، بىلىم ئىگىلىرى بىلەن تونۇيدۇ. چۈنكى «بىلىم (ھۈنەر) ئىگىلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ، ئۇلارنى ئالغا يېتەكلەشتە پەۋقۇلئاددە كۈچكە ئىگە.» ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىساڭ سەنمۇ ئىززەتلىنىسەن، ئۇلارنى ھۆرمەتلەشمۇ ئاڭلىقلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ھۆرمەتلەش پەقەت مەجلىس، يىغىلىشلاردىكى سالام ـ سەھەت، قول باغلاپ تۇرۇپ تۆرگە تەكلىپ ئېتىش، يول ماڭغاندا ئالدىغا ئۆتۈۋالماسلىق بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئەگىشىش، ئۇلارنىڭ بىلىم ۋە ھۈنىرىنى ئۆرنەك قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش، توغرا تەرىپىنى داۋاملاشتۇرۇش، شۇنداقلا ئازراق سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئارقىسىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىپ چۈشەندۈرمەسلىك، ئىلىم جەھەتتىكى بەس ـ مۇنازىرە، كۆزقاراشلاردا پىكىر بىر يەردىن چىقمىغاندا پىتنە ـ پاسات تېرىپ ئابرۇيىنى تۆكمەسلىك قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. «ئىلىمگە ھۆرمەتسىزلىك ئەلگە ھۆرمەتسىزلىكتۇر.» شۇڭا، ئىلىم ئىگىلىرىنى ھەقىقەتنى سۆيگەندەك سۆي، ئاتا ـ ئاناڭنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلە، قەدىرلە، ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەسلىك ۋە ھۆرمەتلىمەسلىك نادانلىق ۋە كورلۇقتۇر.

ئوغلۇم، سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرىدىن بىر گۈلدەستە سەۋر ـ قانائەتتۇر.

سەۋر ـ قانائەت ئىنسان ئۈچۈن روھىي بايلىقتۇر، بۇ روھىي بايلىق مەڭگۈ خورىماستۇر. بۇ روھىي بايلىققا ئىگە ئادەم تۈگىمەس بايلىقنىڭ ئىگىسىدۇر.

ئىنسان ئۈچۈن سەۋر ـ قانائەت ئۇلۇغلۇقتۇر، بۇ ئۇلۇغلۇق سېنى ھەرقانداق ئېغىر كۈنلەرگە ئۇچرىساڭ چىدايدىغان، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك كۈنلەردە ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالايدىغان، مەنسەپ ـ سەلتەنىتىدە ئۆزۈڭنى پاك تۇتالايدىغان، تەمە ـ ھېرىستىن خالىي ۋە كىبىر ـ تەمەننالىق بولۇۋالمايدىغان قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ تەبىئىتىدىن ئالغاندا، ئۇ مەڭگۈ قانائەت قىلمايدىغان مەخلۇق. بىر ئارزۇسى قاندۇرۇلسا، يەنە يېڭىدىن بىر ئارزۇ ـ تىلىكى تۇغۇلىدۇ، ئۇنى

قاندۇرۇشىنىڭ كويىدا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شۇ يېتىكى ئارزۇلارنىڭ ھېرىسمەنلىكىدە نەپسى بالا بولىدۇ. ئادىمىيلىكنى ئۇنتۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. شۇڭا، بىر ئاقىل «ھېرىسلىك يۈزىدىن كۆزۈمنى يۇمغاندىن كېيىن بارلىق ئارزۇلىرىمغا يەتتىم» دېگەن ئىكەن. ئەگەر شۈكۈر ـ قانائەت ئارقىلىق بۇ نەپسى بالاسى ۋاقتىدا تىزگىنلەنمىسە، نەپسىنىڭ قۇلى بولىدۇ ـ دە ئېچىنىشلىق قىسمەتتىن خالىي بولالمايدۇ. پۇشايمان قاچىسىنى نادامەت يېشى بىلەن تولدۇرىدۇ. ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ: «نەپسىنى يىغقان سۇلتان بولۇر، نەپسىنى يىغالمىغان ئۇلتان بولۇر» دېگىنى شۇ جۈملىدىندۇر.

سەئىدى مۇنداق ھېكمەت قىلىدۇ:

ئەي قانائەت، مېنى ئۆزۈڭ باي قىل،
سەندىن ئارتۇق جاھاندا نېئمەت يوق.
سەۋر بۇلۇڭى لوقمانغا بولدى نېسىپ،
كىمدە سەۋر يوق بولسا، ھېكمەت يوق.

ئوغلۇم، سەۋرسىز (قانائەتسىز) ئادەمنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى مۇنۇ ھېكايىنى ئوقۇپ كۆر، ئىبرەت بولسا ئەجەب ئەمەس.

سەئىدى شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

دوستلىرىمدىن بىرى تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئەھۋال ئۇقۇپ قېشىمغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «كۈنلۈك كىرىمىم ئاز، بالا ـ چاقام كۆپ، كەمبەغەلچىلىكنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشكە تاقىتىم قالمىدى. باشقا مەملىكەتكە كېتىپ، مەيلى قانداق تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆتكۈزسەم، ياخشى ـ يامانلىقىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى، دېگەن پىكىر نەچچە قېتىم خىيالىمدىن كەچكەن ئىدى.

كۆپ كىشى ئاچ ياتسا خەلقلەر كىملىكىنى بىلمىگەي،
ھەم جېنى تۇمشۇقىقا يەتسە ھېچكىشى غەم يېمىگەي.

ئەمما دۈشمەنلەرنىڭ مەسخىرىسىدىن ئەندىشە قىلىمەن. ئۇلار ئارقامدىن تىللاپ كۈلۈشىدۇ ۋە ئائىلەم توغرىسىدا قىلىۋاتقان تىرىشچانلىقىمنى ئادىمىيەتسىزلىككە چىقىرىپ مۇنداق دېيىشىدۇ:

بۇ نامەرد ئادەمگە ھەرگىز قارىما،
كۆرگۈسى كەلمەيدۇ بەخت يۈزىنى.
بالا ـ چاقىسىنى كۈلپەتكە قويۇپ،
تۇرمۇشتا ئويلايدۇ پەقەت ئۆزىنى.

ئۆزۈڭگە مەلۇم، ھېساب ئىلمىدىن ئانچە ـ مۇنچە خەۋىرىم بار، ئەگەر سېنىڭ مەرتىۋەڭ شارائىتىدىن بىرەر ئىشقا تەيىنلىنىپ قالسام، تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولاتتىمكى، قالغان ئۆمرۈمدە ساڭا قانچە تەشەككۈر بىلدۈرسەممۇ ئەھدىسىدىن چىقالمىغان بولاتتىم.»

مەن دېدىم: «ئەي بۇرادەر، پادىشاھقا خىزمەت قىلىشنىڭ ئىككى تەرىپى بار، ھەم نان ئۈمىدى، ھەم جان قورقۇنچىسى، شۇڭا ئاشۇ ئۈمىدنى دەپ قورقۇنچىغا چۈشۈپ قېلىش ئاقىللارنىڭ پىكرىگە خىلاپ.»

كەلمىگەي ھېچكىم پەقىر ئىشىكىگە،
باغ ـ زېمىنغا باج ـ خىراج تۆلە دەپ.
ياكى تەشۋىش، غەمگە رازى بول،
يا ئۈچەي ـ باغرىڭنى كەتسۇن قاغا يەپ.

دوستۇم دېدى: «بۇ سۆزنى مېنىڭ ئەھۋالىمغا مۇۋاپىق ئېيتمىدىڭ ۋە ئىلتىماسىمغا جاۋاب بەرمىدىڭ. كىمكى خىيانەت بىلەن شۇغۇللانسا، قولى ھېسابتا تىترەيدۇ، دېگەن ماقالنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

راست سۆزدىن خۇدامۇ رازى،
كۆرمىدىم تۈز يولدا گۇم بولغان قايىسى؟

www.uyghurkitap.com

دانىشمەنلەر ئېيتىدۇكى: تۆت كىشى تۆت كىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ: قاراقچى سۇلتاندىن، ئوغرى پاششاپتىن[1]، پاسىق چېقىمچىدىن، پاھىشە مۇھتەسىپتىن[2]، ئەمما ھېسابتا توغرا بولغان كىشى ھېساب بېرىشتىن قورقمايدۇ.»

بولما ئىسراپخور ئەمەلدە[3] ئىشتىن ئايرىلغان كۆڭۈل،
قالمىسۇن دېسەڭ ئەگەر دۈشمەندە ھېچ ئىمكانىيەت.
تۆت ئۆزۈڭنى پاك، بۇرادەر، ھېچ كىشىدىن قورقمىغىن،
كىر كىيىمنى كىرچىلەر تاش ئۈستىدە ئۇرغاي پەقەت.

مەن دېدىم: «تۈلكىنىڭ ھېكايىسى سېنىڭ ئەھۋالىڭغا مۇناسىپ كېلىدىكەن:

كىشىلەر قارىسا، بىر تۈلكە يىقىلىپ ـ قوپۇپ، جان ـ جەھلى بىلەن چېپىپ كېتىۋاتقۇدەك. بىرەيلەن ئۇنىڭدىن: ‹ساڭا نېمە بالا بولدى، نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭ؟› دەپ سورىغان ئىكەن، تۈلكە: ‹ئاڭلىشىمچە، تۆگىلەرنى سەيسىگە تۇتۇۋاتقۇدەك› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھېلىقى كىشى، ‹ھوي پەس، تۆگە بىلەن سېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار ۋە قانداق ئوخشاشلىقىڭ بولسۇن؟› دەپتىكەن، ‹توختا! — دەپتۇ تۈلكە، — ئەگەر ھەسەتخورلار غەرەزلىك ھالدا: مونۇ تۆگە، دەپ قويسا، مەن قولغا چۈشۈپ قالىمەن، ئۇ چاغدا مېنىڭ ئەھۋالىمنى تەكشۈرۈشكە كىم كۆڭۈل بۆلۈپ، مېنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ؟ ئىراقتىن تەرياق[4] ئېلىپ كەلگۈچە، يىلان چاققان ئادەم ئۆلۈپ تۈگەيدۇ[5].› سېنىڭ ئەھۋالىڭمۇ خۇددى شۇنداق، گەرچە سەندە ئارتۇقچىلىق، ھالاللىق، توغرىلىق ۋە سادىقلىق بولسىمۇ، ئەمما ھەسەتخورلار پىستىرمىدا، شىكايەتچىلەر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئولتۇرۇشىدۇ. سەن ياخشى ئىشلارنى قىلساڭمۇ، ئۇلار پادىشاھقا تەتۈرسىچە يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ

---

[1] پاششاپ — مەھەللە ياكى كوچىلارنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل يەرلىك ئەمەلدار.
[2] مۇھتەسىپ — شەھەر قازىلىرىنىڭ بازار باشقۇرغۇچىسى.
[3] ئەمەل — بۇ يەردە ئىش، خىزمەت مەنىسىدە.
[4] تەرياق — زەھەر قايتۇرىدىغان دورا.
[5] بۇ خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان ماقال.

بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىدا جاۋابقا تارتىلىسەن. ئۇ چاغدا كىم سېنىڭ تەرىپىڭنى ئېلىپ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەسلىھەتىم شۇكى، قانائەت مۈلكىنى ساقلا، ئەمەلدار بولۇش ئارزۇسىنى تاشلا.»

مەنپەئەت كۆپ بولۇر دېڭىز ـ دەريادا،
ۋە لېكىن تىنچلىق ئىككى ياقىدا.

دوستۇم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تازا ئاچچىقى كەلدى ـ دە، ھېكايەمدىن چىرايى ئۆڭۈپ، زەردە بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. «مۇشۇمۇ ئەقىللىقلىق، بىلىمدانلىق بولدىمۇ؟ مۇشۇمۇ پەم ـ پاراسەت بولدىمۇ؟ دانىشمەنلەر توغرا ئېيتقان ئىكەن ‹دوستلار زىنداندا ئەسقاتىدۇ، داستىخان ئۈستىدە ھەممە ئادەم دوست كۆرۈنمەيدۇ›».

دوست دېمە، كىمكى نېمەت ئۈستىدە،
يار ـ بۇرادەرلىكتىن ئۇرسا قانچە لاپ.
دوست شۇكى، پەرىشان، ئېغىر كۈنلەردە،
قول تۇتۇپ، دوستلۇقنى قالىدۇ ساقلاپ.

قارىسام ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، نەسىھەتلىرىمگە ئاچچىقى بىلەن قۇلاق سېلىۋېتىپتۇ. (نائىلاج) مەن ساھىب دىۋاننىڭ[1] قېشىغا باردىم ـ دە، ئارىمىزدىكى كونا تونۇشلۇقىمىز بويىچە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ، قابىلىيەت، ئارتۇقچىلىقىنى بايان قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا كىچىكرەك بىر خىزمەت بەردى.
ئارىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتتى، ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ ئوبدانلىقىنى كۆرۈشتى، تەدبىرچانلىقىغا قايىل بولۇشتى. ئۇنىڭ ئىشى ئىلگىرىلەپ، ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بەخت يۇلتۇزى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، شۇنداق يۇكسەك پەللىگە يەتتىكى، سۇلتان ھەزرەتلىرىگە ئەڭ يېقىن كىشىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ مۇشاۋىرى ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەكىلى بولۇپ قالدى.
مەن ئۇنىڭ تىنچ كېتىۋاتقانلىقىغا شادىمان بولۇپ دېدىم:

---

[1] ساھىب دىۋان ــــ ۋەزىرلىك ئۇنۋانى.

«ئوڭۇشسىزلىقتىن ھېچ قورقما، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما،
ئابىھايات بۇلىقى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە».
كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئەي كۈلپەتكە يار،
خۇدانىڭ پىنھان شەپقىتى ھەم بار.
خاپا ئولتۇرما زامان تەتۈرلىكىدىن، سەۋر قىل،
سەۋر ئاچچىق، غورىسىدىن ھالۋا پىشار، بۇنى بىل.

شۇ ئارىدا بىر توپ يارەنلىرىم بىلەن سەپەرگە چىقىشقا توغرا كېلىپ قالدى. مەن مەككە زىيارىتىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇ مېنى ئىككى مەنزىل يەرگىچە قارشى ئالغىلى چىقىپتۇ. ئۇنىڭ تۇرقى پەرىشان، كىيىم - كېچەكلىرى ۋەيران كۆرۈنەتتى.

مەن: «نېمە بولدۇڭ؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ جاۋاب بەردى: «خۇددى سەن ئېيتقاندەك بولدى، بىر گۇرۇھ كىشىلەر ھەسەت قىلىشىپ، ماڭا خائىن دەپ تۆھمەت چاپلاشتى. پادىشاھ (دۆلىتى ئەبەدىي بولسۇن) ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى ئېچىش ئۈچۈن، چوڭقۇرراق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇمىدى. كونا يارەنلىرىم بىلەن يېقىن دوستلىرىم ھەق سۆزنى ئېيتماي، شۇك بولۇۋالدى ۋە بۇرۇنقى دوستلۇقىمىزنى ئۇنتۇپ قالدى.

كۆرەرسەن ئەمەلدار ئالدىدا كىشى،
كۆكسىگە قول قويۇپ بېشىنى ئېگەر.
زامان مەنسىپىدىن چۈشۈرسە ئۇنى،
جىمى خەلقىئالەم بېشىغا تېپەر.

قىسقىسى، تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولدۇم. پەقەت مۇشۇ ھەپتىدە ھاجىلارنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، مېنى ئېغىر كىشەندىن ئازاد قىلىشتى. بىراق مال - مۈلكۈمنى مۇسادىرە قىلىشتى.»

مەن دېدىم: «ئۇ چاغدا مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قوبۇل قىلمىدىڭ، پادىشاھقا خىزمەت قىلىش دېڭىز سەپىرىگە ئوخشايدۇ، ھەم خەتەرلىك، ھەم پايدىلىق، يا خەزىنىنى قولغا كىرگۈزىسەن يا تىلسىماتتا ئۆلىسەن!

ئىككى قوللاپ زەرنى ئۇسۇيدۇ دېڭىزدا باي غوجا،
ئۇنى ساھىلغا ئاتقاي بىر كۈنى دولقۇن راسا.

مەن تاپا ـ تەنە بىلەن ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىپ، ئىچىنى ئېچىشتۇرۇشنى لايىق كۆرمىدىم ـ دە، مۇنۇ سۆزلەر بىلەن چەكلەندىم:

بىلەمتىڭ پۇتۇڭغا كىشەن چۈشۈشنى؟
قۇلاقا ئالمىدىڭ قىلسام نەسىھەت.
قولۇڭنى سوزمىغىن ھەرگىز چايانغا،
ئەگەر سەندە بولمىسا نەشتەرگە تاقەت!»

ئوغلۇم، قانائەتسىزلىك سەن ئۇچۇن چوڭ ئاپەتنىڭ بىرى، ئاچ كۆزلۈك بالاسىدۇر. ئاچ كۆزلۈك قانائەتسىزلىك جۈملىسىدىندۇر. ئاچ كۆز ئادەم مەڭگۇ باي بولالمايدۇ ھەم بەختلىك بولالمايدۇ.
قانائەتنىڭ ئۆزى كۆزى توقلۇقتۇر. كۆزۈڭ توق بولسا، ئازراق نېمەتمۇ بۇ ئالەمدە لەززەتنى بېرىدۇ. ئەگەر كۆزۈڭ ئاچ بولسا پۈتۈن دۇنيا نېمەتتىمۇ سېنى تويدۇرالمايدۇ. شۇڭا دانالار: «باي بولاي دېسەڭ، كۆڭۈل بايلىقىنى ئىزدىگىن، كۆزى توق كىشى قۇل بولسىمۇ ئۇ بەگدۇر، ئاچ كۆز ئادەمنىڭ بەگلىكىدىن قۇللۇق ياخشىدۇر، قايسى بەگ ئاچ كۆز بولسا، ئۇ گادايدۇر. قايسى قۇلنىڭ كۆزى توق بولسا، ئۇ بەگدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى بايدۇر» دەپ ئاگاھلاندۇرغان.
ئاچ كۆزلۈك شۇنداق يامان كېسەلدۇركى، بۇ كېسەللىك روھىيىتىڭنى چىرىتىپ، تەمە ـ ھېرىسمەنلىك يولىغا باشلاپ، خارلىق كوچىسىغا تاشلايدۇ.
ئوغلۇم، ئاچ كۆز ئادەم ئىنساپسىز كېلىدۇ، ئىنساپسىز ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، ئاچ كۆز ئادەمدە غۇرۇر، ۋىجدان بولمايدۇ، ئاچ كۆزلىكى سەۋەبىدىن توخۇ كاتىكىدە يېتىشتىنمۇ يانمايدۇ، ئاچ كۆزلۈكى ئۇنى ھەرخىل كويلارغا سالىدۇ، بىر يەردە جىم تۇرغۇزمايدۇ، قەلبى ھېرىستە، كۆزى تەمەدە، قەيەردە ھەممەتسىزلا قولغا كېلىدىغان ئوۋ باركىن، دەپلا يۈرگەن.
ئوغلۇم، ئاچ كۆز ئادەم كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمەت دېگەننى ئەسلا يادىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. يۈزى ئەسلا قىزارمايدۇ، يەپ ـ ئىچىشنىڭلا كويىدا يۈرىدۇ. ئۆزىنىڭكىنى يەپ ـ ئىچىشكە ئەسلا چىدىمايدۇ، باشقىلارنىڭكىنى يەۋېلىشنىلا ئويلايدۇ، «مۇت، زەھەر بولسىمۇ يۇت» دەيتىكەن دەپ ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ.

دىمەك، ئاچ كۆز ئادەم ئۆز قارنىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان رو چىۋىنىنىڭ ئۆزىدۇر.

يۇقىرىقىدەك خۇي ـ پەيلى سەۋەبلىك ئاچ كۆز ئادەم مەڭگۈ خاتىرجەم بولمايدۇ، ئاچ كۆزلۈكى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ـ ئۆزى نابۇت قىلىدۇ.

يەر يۈزىنىڭ نېمىتى ئاچ كۆزنى تويدۇرالماس،
خامان ـ خامان دان غەلۋىر كۆزىنى تويدۇرالماس.

(«گۈلىستان»دىن)

«ئاڭلىدىڭمۇ دوستۇم سەھرايى غۇردا[1]،
تۆگىدىن يىقىلغان سودىگەر يولدا.
ئۇ ئېيتقان ئاچ كۆزنىڭ كۆزى تويمايدۇ،
قانائەت تويغۇزار، يا تويار گوردا...»

(«گۈلىستان»دىن)

ئاچ كۆزلۈك ھەققىدە سەئدى «گۈلىستان» دا مۇنداق دەيدۇ: «ئون ئادەم بىر داستىخاندا تائام يەيدۇ، ئەمما ئىككى ئىت بىر تاپ ئۈستىدە چىقىشالمايدۇ. ئاچ كۆز ئادەم پۈتۈن جاھان بىلەنمۇ تويمايدۇ. قانائەت قىلغۇچى بىر نان بىلەن توق يۈرىدۇ. شۇڭا دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: ‹مال ـ مۈلۈك بىلەن باي بولغاندىن كۆرە، قانائەت بىلەن باي بولغان ياخشىراق.›»

(«گۈلىستان»دىن)

بۈيۈك ئالىم ئەللامە زەمەخشەرى ئاچ كۆزلۈك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاچ كۆزلۈك شۇنداق بىر نەرسىكى، ئىگىسىنىڭ تېرىسىنى سويىدۇ. ئىپپەت ـ نومۇسنى قايچىلاپ قىرقىيدۇ.»

ئوغلۇم، ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى مۇنۇ ھېكايىنى ئوقۇ، ئىبرەت ئال.

---

[1] سەھرايى غۇر ـــ غۇر سەھراسى، ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق قاقاس بىر چۆل.

## ھېكايەت

بىر كۈنى ئۈچ دۇنياپەرەس ئادەم يولدا بىر خىش ئالتۇن تېپىۋېلىشتى. ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ، بۇ ئالتۇنلارنى بۆلۈشمەكچى بولۇشتى.

بىراق قورساقلىرى ئاچ ئىدى. شۇڭا مەسلىھەتلىشىپ، ياشتا كىچىكرەك بىرىنى شەھەرگە يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇشتى. ئۇنىڭغا ئۈچ دەرھەم پۇل بېرىپ، دەرھال ئاش، نان ئېلىپ كەل دەپ ئەۋەتتى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ شەھەرگە راۋان بولدى. ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇپ، قالغان ئىككىسى باشقىچە ئىتتىپاق تۈزۈشتى. شەھەرگە كەتكەن بۇرادىرى كېلىشى ھامان پىچاق ئۇرىمىز دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. شەھەرگە غىزاغا ماڭغىنىمۇ ماڭغاچ بىر خىش ئالتۇننى يالغۇز ئىگىلەش قەستىدە نەپسى بىلەن تېخىمۇ قەبىھ مەسلىھەتلەرنى قىلىپ ماڭدى. ئۇ نان، گۆش ئالدى، نانغا ھەم گۆشكە زەھەر سالدى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا ئىككى بۇرادىرىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. كېلىشىگىلا ئىككىسى بۇ بىرىنىڭ بېشىغا پىچاق ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۇلار كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، خاتىرجەم ھالدا نېمەتلەردىن بىر ـ ئىككى لوقما يېيىشتى. شۇندىلا ھەر ئىككىسى دۇم چۈشۈپ ھالاك بولۇشتى. بىر خىش ئالتۇن شۇ جايدا قالدى. ئۇلار ئەسلى بىر ـ بىرىگە مېھرىبان، دوستلۇق ئەھدى تۈزۈشكەن ئىدى. بىر خىش ئالتۇن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە ـ پاسات تېرىدى، ئاچ كۆزلۈك بۇ ئۈچ تەننىڭ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشىگە سەۋەب بولدى.

ئوغلۇم، غىزالىنىشتا ئاش ـ تائامنى زىيادە كۆپ يېيىشتىن ۋە «ياخشى تاماق ئاشقىچە، يامان قورساق يېرىلسۇن» دېيىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاچ كۆزلۈك جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ پەس ئادەملەرنىڭ خۇلقىدۇر.

تەن ساقلىق زور بايلىق، بۇ بايلىققا ئېرىشىش كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارغا باغلىق بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ ئاساسلىقى غىزالىنىشتا مەلۇم ئۆلچەم ۋە تەرتىپ بويىچە ئوزۇقلىنىشتۇر. يەنى بەدەننىڭ ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتۇر. ئاچ كۆزلۈك بىلەن كۆپ يېيىش بەدەننىڭ ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدۇ. كۆپ يېيىلگەن غىزا ئادەمنىڭ ئاشقازىنىدا ياخشى ھەزىم بولمايدۇ، ياخشى ھەزىم بولمىغان ئىكەن، ئاشقازان بۇزۇلىدۇ. ئاشقازاننىڭ بۇزۇلۇشى كېسەللىكنىڭ باشلانغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كۆپ يېگەن ئادەم كېسەلچان بولىدۇ.

كېسەلچان ئادەم مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن چىقىمدار بولۇپ، ئىش-ئۇقىتى ئالغا باسمايدۇ.

شۇڭا ئىسىقدە بولسۇنكى، مەلۇم ئۆلچەم ۋە تەرتىپ بويىچە غىزالىنىشقا ئادەتلەنگىن. نەپەسلىنىش ۋە ھەرىكەتلىنىشكە ئاشقازىنىڭدا مەلۇم بوشلۇق قالسۇن. مەيلى ئۆيۈڭدە ياكى باشقا بىرىنىڭكىدە مېھماندارچىلىقتا بولسۇن، ھەرگىز زورلاپ تاماق يېمىگىن. بەك ئازمۇ يېمىگىن، ئاز غىزامۇ بەدەننى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆلچەم، تەرتىپى بولغىنىدەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ئاز يېگەن تەنگە سىڭەر، كۆپ يېگەن يەرگە»، «ئاز يېگەن كۆپ يەر، كۆپ يېگەن پوق يەر»، «ئاز يە، ساز يە»، «نەپسىنى يىغقان مەردانىنىڭ ئىشى، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن ھايۋاننىڭ ئىشى»، «نەپسىنى يىغقان كىشىنى ھەق يولىدا شىر دېگىن» («گۈلىستان»دىن)، «ساقلىقنى خالىساڭ كۆپ يېمە، ئىززەت خالىساڭ كۆپ دېمە» (نەۋائىي) دېگەندەك ماقال - تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىرى بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئىبرەتلىكتۇر.

تاماق يە ۋە لېكىن يېمە قۇسقۇچە،<br>
ھەم ئازمۇ يېمىگىن جېنىڭ چىققۇچە.

تائام دېگەن گەرچە ھەرئان جانغا راھەت،<br>
چەكتىن ئاشسا كېسەل قىلار تائام بەزەن.

### ھېكايەت

ئەجەم پادىشاھلىرىدىن بىرى بىر ئۇستا تېۋىپنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتكەنىدى.

تېۋىپ ئەرەب دىيارىدا ساق بىر يىل تۇرغان بولسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېسەل كۆرسىتىشكە كەلمىدى ياكى داۋالىنىش چارىلىرىنى سورىمىدى. شۇڭا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ شىكايەت قىلدى: «مېنى بۇ يەرگە ساھابىيلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. ئەمما، شۇ كەمگىچە ھېچكىم قېشىمغا كېلىپ كۆرۈنۈشنى خالىمىدى، مەن بۇندا تاپشۇرۇلغان خىزمەتنى بەجا

كەلتۈرسەم بولمامتى؟»
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: «بۇ كىشىلەرنىڭ ئادىتى شۇكى، ئىشتىھاسى غالىب بولمىغۇچە ھېچنېمە يېمەيدۇ ۋە ئىشتىھاسىنى پەسەيتتۈرگەنگە قەدەر تائامدىن قولىنى تارتىپ تۇرىدۇ...»
تېۋىپ: «تېنى ساق تۇرغانلىقنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ!» دېدى ـ دە، يەر ئۆپۈپ كېتىپ قالدى.
ئوغلۇم، ئادەم ياشاش ئۈچۈن يەيدۇ، ئىچىدۇ، يېيىش، ئىچىش ئۈچۈن ياشىمايدۇ.
شۇنداق ئىكەن، يېمەك ـ ئىچمەكتىن پەرھىزكار بولغىنىكى، گۆش ـ ياغلىق تائاملارنى كۆپ يەپ ئۆزۈڭنى سەمرىتمە، سېمىزلىك بىر قىسىم كىشىلەر ئېيتقاندەك دۆلەت، سۆلەت... ئەمەس، بەلكى كېسەللىكتۇر. تېببىي تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، يۇقىرى قان بېسىمى، قاندىكى ماينىڭ ئارتىپ كېتىشى، قان تومۇر، يۈرەك تومۇر كېسەللىكلىرى، دىئابېت قاتارلىق (جان ئالغۇچى) كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى سېمىزلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئۇندىن باشقا مولچىلىقتا كۆپ يەپ تېنىڭنى سەمرىتسەڭ (كۆپ يېيىشكە ئادەتلەنسەڭ) شۇنداق كۈنلەر كېلىپ ئىقتىسادىي شارائىتىڭ ناچارلىشىپ قالغاندا تېنىڭ ئاچلىقنىڭ تەھدىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ياخشى، كۆپ يەپ ئادەتلەنگەن جىسمىڭ يەنە شۇنداق ئىشتىھانى قوزغاپ سېنى يامان يولغا (خورلۇق، جىنايەت يولغا) باشلىشى مۇمكىن. دەرۋەقە بۇنىڭدىن ئېغىر كۈن يوقتۇر.
شۇڭا تەنھەرىكەت ئارقىلىق پەي ـ مۇسكۇللىرىڭنى چېنىقتۇرغانغا ئوخشاش ئۆلچەملىك ئوزۇقلىنىش ئادىتى ئارقىلىق ئاشقازىنىڭنى (ئەڭ مۇھىمى روھىيىتىڭنى) چېنىقتۇر، كۆندۈر، بۇ قائىدىگە ئۇيغۇندۇر. بۇ ھەقتە سەئدى شۇنداق ھېكمەتلەرنى قىلىدۇ:
«ئادەم تائامنى ئاز يېسە پەرىشتە سۈپەت بولىدۇ، ئەگەردە ھايۋاندەك يېسە، تاش كەبى ۋەيران بولىدۇ.
(«گۈلىستان»دىن)».

«... ئىچىڭنى تائامدىن بوشراق تۇت، ئۇندا مەرىپەت نۇرىنى كۆرىسەن... («گۈلىستان»دىن)»

كىمكى ئاز يېيىشنى قىلسا ئادەت،
بېشىغا كۈن چۈشسە ئاسانلا يەڭگەي.
ئەگەر سەمرىتسە تەننى مولچىلىقتا،
ئېغىر كۈن كەلسىلا تەڭلىكتە ئۆلگەي.

سەئىدى شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

خۇراسانلىق ئىككى دەرۋىش ھەمسەپەر بولۇپ، بىرلىكتە ساياھەتكە چىقتى. بىرى ئاجىز ئىدى، چۈنكى ئىككى كۈندە بىر قېتىم كەچتە ئىپتار قىلاتتى. يەنە بىرى كۈچلۈك بولۇپ، ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ تاماق يەيتتى. كۇتۇلمىگەندە بىر شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدا ئۇلار «جاسۇس» دېگەن تۆھمەت بىلەن تۇتۇلۇپ، ھەر ئىككىسى بىر ئۆيگە سولاندى، ئىشىك لاي بىلەن چاپلىۋېتىلدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇلار گۇناھسىز ئىكەن، ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، كۈچلۈكى ئۆلۈپ، ئاجىزى تىرىك قاپتۇ. ھەممە ھەيران قېلىشتى. بىر دانىشمەن دېدى: «ئەگەر بۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولغاندا، ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولاتتى. چۈنكى ئاۋۇ بىرسى كۆپ يېيىشكە ئادەتلەنگەچكە، ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، قىيىنىلىپ ئۆلگەن، مۇنۇ بىرسى نەپسىنى تىزگىنلەپ كەلگەنلىكتىن، تەبىئىيكى ئۆز ئادىتى بويىچە سەۋر قىلىپ سالامەت قالغان.»

ئوغلۇم، غىزالىنىشتا مەلۇم ئۆلچەمنىڭ بولۇشى سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىكەن، ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭغا قاراپ، ئۈچ ۋاخ تاماقنىڭ مىقدارى، سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بەدىنىڭ راھەتلەنگۈدەك غىزالانغىن، «ياخشى كۆرەتتىم» دەپ بىر خىللا تاماقنى كۆپ يېيىشتىن ساقلانغىن، غىزا تۈرى، سەي ـ كۆكتاتلار كۆپرەك، گۆش، ماي ئازراق، ئاق ئاش بىلەن قارا ئاش ئارىلاشتۇرۇلغان بولسۇن. چۈنكى ئىنسان ئالىدىغان ھوزۇر ـ راھەت ئىچىدە تائامنىڭ ھوزۇرىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئۆلچەملىك ئوزۇقلانساڭ تائام بەدىنىڭ ئۈچۈن ئوزۇق بولۇپلا قالماي، ساڭا راھەت بېغىشلايدۇ.

شۇڭا ئەتىگەنلىك ناشتا ۋە چۈشلۈك تائامنى ئىلاجى بار قۇۋۋەتلىك، بەدىنىڭ

كۆتۈرگەندەك يېيىشنىڭ زۆرۈر. چۈنكى بىر كۈنلۈك پائالىيىتنىڭ (خىزمىتنىڭ، ئەمگىكنىڭ، ئۆگىنىشنىڭ قاتارلىقلار) ئەتىگەندىن كەچلىك تائامغىچە داۋاملىشىدۇ، قۇۋۋەتسىز، ئاز ئوزۇقلانساڭ بەدىنىڭنىڭ ئېنېرگىيىگە بولغان ئېھتىياجى تولۇق قاندۇرۇلماي، هارغىنلىق، روھسىزلىق يۈز بېرىپ شۇ بىر كۈنلۈك پائالىيىتىڭگە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى، ئەڭ مۇھىمى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ سالامەتلىكىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى مۇمكىن.

شۇ ئېسىڭدە بولسۇن ۋە رىئايە قىلغىنىكى، كەچلىك تامىقىڭ ئاز ھەم سىڭىشلىك بولسۇن، كەچلىك تائامنى (بەك كەچ) بەك كۆپ ۋە بەك قۇۋۋەتلىك يېيىش سالامەتلىكىڭنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. چۈنكى، كېچىسى ئۇخلىغاندا ئادەم بەدىنى ئۇنداق كۆپ ئېنېرگىيىگە ئېھتىياجلىق بولمايدۇ، بەلكى ھەر قايسى ئىچكى ئەزالار، جۈملىدىن ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ئارام ئېلىش، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ھالىتىدە تۇرغان بولىدۇ.

تېببىي تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، كەچلىك تاماقنى (بەك كەچ) بەك كۆپ ۋە بەك قۇۋۋەتلىك يېگەندە، تۆۋەندىكىدەك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۆمۈرنى قىسقارتىۋېتىدىكەن.

1. كەچلىك غىزانى (بەك كەچ) بەك كۆپ ۋە بەك قۇۋۋەتلىك يېگەندە كېچىسى ھەرىكەت بەك ئاز بولغانلىقتىن ھاسىل بولغان ئېنېرگىيە خورىماي ئېنېرگىيە، قان شېكىرى ئۆرلەيدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىنسۇلىن كۆپلەپ ئاجرىلىپ، ئارتۇق ئېنېرگىيە مايغا ئايلىنىپ ئادەمنى سەمرىتىۋېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، ئاشقازان ئاستى بېزى ئىزچىل تۇردە كۆپلەپ ئىنسۇلىن ئاجرىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، تېزلا زەئىپلىشىپ كاردىن چىقىدۇ ـ دە، بارا ـ بارا يېتەرلىك ئىنسۇلىن ئاجرىتالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە قان شېكىرىنىڭ مىقدارى بارغانسېرى ئۆرلەپ، دىئابېت كېسەللىكى پەيدا قىلىدۇ.

2. ئارتېرىيە قېتىشىشىنى تېزلىتىپ، يۈرەك، مېڭە، قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ يۈز بېرىش خەۋپىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. كەچلىك غىزا مول ۋە كۆپ بولسا، ھاسىل بولغان خولېستېرولنىڭ مىقدارىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرىكەت ئاز بولغانلىقتىن، قاننىڭ ئېقىشى ئاستىلاپ، خولېستېرول قان تومۇر دىۋارىغا چۆكمە بولۇۋېلىپ بوتقىسىمان قېتىشىشنى تېزلىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، قان مېيى، قان شېكىرى ۋە قان بېسىمى

www.uyghurkitap.com

تەدرىجىي ئۆرلەپ، ئارتېرىيە قېتىشىش ئېغىرلىشىپ، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك تىقىلمىسى، مېڭىگە قان يېتىشمەسلىككە ئوخشاش جانغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئېغىر كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەسلىدىنلا يۈرەك كېسىلى بارلارنىڭ ئاشقازىنى كۆپۈپ قورساق تومۇرلىرىنى بېسىۋالىدۇ ـ دە، يۈرەك، مېڭىگە قان يېتىشمەي قېلىپ، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ. (ئاخشىمى ئۆيگە ساق قايتقان، كېچىسى ئۆلۈپ قاپتۇ، يۈرەك كېسىلى بولغىيمىتى؟ دېيىلگەنلەر شۇ جۈملىدىن بولسا كېرەك).

3. ئاشقازاننىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇپ ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. كەچلىك غىزا (بەك كەچ) بەك كۆپ، كالورىيىسى يۇقىرى بولغاندا، ئاشقازاندا تۇرۇش مەزگىلى ئۇزۇن، ھەزىم قىلىنىشى ئاستا بولۇپ، ئاشقازان كېڭىيىپ كېتىپ ياللۇغلىنىشى، ئاشقازان كىسلاتاسى ۋە ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى كۆپلەپ ئاجرىلىپ چىققانلىقتىن ئاشقازان ~ 12 بارماق ئۈچەي يارىسى پەيدا قىلىش، ئەسلىدىنلا يارا بارلاردا تېشىلىش، قاناشنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىچە، كەچلىك غىزا (بەك كەچ) بەك كۆپ ۋە بەك قۇۋۋەتلىك يېيىلسە، ئۆت يوللىرى ۋە ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ 12 بارماق ئۈچەيگە ھەزىم سۇيۇقلۇقى يەتكۈزۈش كانالچىلىرىنىڭ چىقىش ئېغىزى بېسىلىپ، زەخىملىنىپ توسۇلۇپ قالسا، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇش نەتىجىسىدە ئاكتىپلاشقان بۇ خىل ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى تەتۈرىگە ئېقىپ، ئاشقازان ئاستى بېزى كانالچىلىرىغا كىرىپ، ئاشقازان ئاستى بېزىنى زەخىملەندۈرۈپ، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغىنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق كېچىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشكە سەۋەبچى بولىدىكەن.

4. كەچلىك غىزا (بەك كەچ) بەك كۆپ، بەك قۇۋۋەتلىك بولسا، كالتىسىي تولۇق سۈمۈرۈلمەي، ئۆت ۋە سۈيدۈك يوللىرىدا ئۇزاق تۇرۇپ قېلىپ، چۆكۈۋېلىپ تاشقا ئايلىنىدۇ. ئەسلىدىنلا ئۆتىدە تاش بارلار ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ خەتەرلىك بولىدۇ.

5. كەچتىكى بەك كۆپ ۋە بەك قۇۋۋەتلىك غىزادىن ھاسىل بولغان تەرەتنىڭ مىقدارىمۇ كۆپ بولىدۇ. كېچىسى ھەرىكەت قىلمىغانلىقتىن، تەرەت ئۈچەيدە ئۇزاق تۇرۇپ توكسىن ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن ئۈچەينى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئۈچەي راكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن توكسىن قانغا ئۆتۈپ، جىگەر، بۆرەك ۋە يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىنى

ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇندىن باشقا، كەچلىك غىزانى (بەك كەچ) بەك كۆپ ۋە بەك قۇۋۋەتلىك يېگەندە، قالايمىقان چۈش كۆرۈش، قارا بېسىشقا سەۋەبچى بولۇپ، ئارام ئېلىشقا دەخلى يەتكۈزىدۇ. كەچلىك غىزانى (بەك كەچ) بەك كۆپ ۋە بەك قۇۋۋەتلىك يېگەندە ئەتىسى كۆڭلى تاماق تارتمايدۇ ـ دە، ئەتىگەنلىك غىزالىنىشقا دەخلى يېتىدۇ. كەچلىك غىزانى يەڭگىلرەك يېيىش ئۆمۈر چولپانلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلىشىدىكى مۇھىم ئەنگۈشتىرى ھېسابلىنىدىكەن.

تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، كەچلىك تاماقنى يەڭگىلرەك يېيىش دېگەندە، سىڭىشلىق ھەم قۇۋۋەتسىزرەك تاماقلارنى يېيىش، كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى كۆپرەك يېيىش، ئوڭاي سىڭىدىغان بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كەچلىك غىزانى قىش كۈنىدە 5 ـــ 6 لەردە، ياز كۈنىدە 6 ـــ 7 لەردە ئۇخلاشتىن 3 ـــ 4 سائەت بۇرۇن يېگەندە، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئاشقازان تاماقنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەزىم قىلىپ بولغان بولىدۇ. غىزانى بەك كەچ يېگەندە، يەپلا يېتىشقا توغرا كېلىدۇ ـ دە، ئوخشاشلا خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. («ھاياتلىق» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 5 ـ سان، ئابدۇكېرىم ئېلىنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىندى)

بۇ ھەقتە سەئدى مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

### ھېكايەت

ھېكايەت قىلىنىشىچە، بىر سوپى ھەر كېچىسى ئون پاتمان تاماق يەپ سەھەرگىچە ناماز ئوقۇپ، قۇرئاننى بىر ئوقۇپ تۈگىتىدىكەن، بىر پاك دىل كىشى بۇنى ئاڭلاپ دېدى: «ئەگەر يېرىم نان يەپ ئۇخلىغان بولسا، ئۇنىڭدىن كۆپرەك ساۋاب تاپقان بولاتتى».

ئىچىڭنى تائامدىن بوشراق تۇت،
ئۇندا مەرىپەت نۇرىنى كۆرىسەن.
سەندە ھېكمەت يوق، شۇ سەۋەبتىنكى،
ئاش ۋە ناننى بۇرنۇڭغىچە ئۇرىسەن.

ئوغلۇم، قانائەتسىزلىكنىڭ يەنە بىر ئالامىتى تەمەخورلۇقتۇر. تەمەخورلۇقمۇ ئاچ كۆزلۈككە ئوخشاش ئىنساننى خارلىق يولىغا باشلايدىغان قەبىھ، رەزىل

ئىللىەتتۇر. ئىنسان قاچانكى تەمە چۈشىنى كۆردى، چوقۇمكى، خورلۇق رىئاللىقىنى قوبۇل قىلماي ئامال يوق. چۈنكى، ئاچ كۆزلۈك بىلەن تەمە قانائەتسىز ئىنساننىڭ پەس خۇلقىدىن ئاپىرىدە بولغان قوشكېزەكلەردۇر.

ئوغلۇم، تەمە دېگىنىمىز، باشقىلاردىن پاناھ تىلەش، مەدەت ئىزدەش، قول سۇنۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئاچ كۆزلۈكنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. تەمەخور شۇنداق ئىنسانكى، ئۇنىڭدا هايا بولمايدۇ.

هايا دېگىنىمىز — يامان ئىش قىلىشتىن ئۇيالماقتۇر، دېمەك تەمەخور ئۇياتسىزدۇر. ئۇياتسىزلىق ھەممە پەسكەشلىكلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. «هايا بارلىق نامۇۋاپىق ئىشلاردىن توسقۇچى، بارلىق ياخشى ئىشلارغا ئۇلاشتۇرغۇچىدۇر. هايالىق كىشىنىڭ ئىشلىرى پۇختا بولىدۇ، بۇزۇلمايدۇ. هايالىق كىشىنىڭ قىلىقلىرى يېقىملىق بولىدۇ. ناچار ئىشلاردىن نېرى بولىدۇ.»

ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىلى هايالىق ئادەمدۇر. هاياسىز كىشى ئادەمنىڭ ئەسكىسى ھەم پەسكەشىدۇر. شۇڭا دەيمىزكى، ئاچ كۆز ئادەم تەمەخور ئاتالغاندەك، تەمەخور دېۋانە ئاتالغاندۇر. ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ئابدالدا ئۇيات يوق، كېپەكتە قۇۋۋەت» دېگىنى شۇ جۈملىدىندۇر.

ئوغلۇم، ئوغۇل بالىكەنسەن، جاپا چەكسەڭمۇ ئۆز ئەجىر ـ مېھنىتىڭ بىلەن ياشىغىنكى، مېھنەتتىن قاچما. مېھنەتتىن قاچساڭ مىننەتكە قالىسەن. مىننەتكە قالغانلىق روھىي جەھەتتىن كىشەنگە بوغۇلغانلىقتۇر. بۇنداق روھىي كىشەن بىلەن ئۆزۈڭنى بۇ دۇنيادا ئەركىن ـ ئازادە ھېس قىلالمايسەن، ئىزتىراپ چېكىسەن. شۇ تۈپەيلى ئاۋازىڭ بوغۇق، بېشىڭ ساڭگىلىغان، چىرايىڭ خۇنۇك تۇرار.

ئوغلۇم، دانىشمەنلىرىمىزنىڭ قانائەت، تەمە توغرىسىدىكى مۇنۇ ھېكمەتلىرىگە قۇلاق سالغىن.

قانائەت ئەھلى (ئەھلى فائىد) ئەل ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئەلالىرىدىن سانىلىدۇ. ھەرقانچە ئىززەتلىك، ئېسىلزادە كىشى بولسىمۇ، تەمەخور بولسا، ئىززىتى نابۇت بولىدۇ. ئەگەر (قائىھ) ھەرپىنى ئەكسىچە قۇراشتۇرساق «ئەنقا» بولىدۇ. ئېيتى ئەنقا ئاتالغانلارنى زاماندا شلىرىمىزدىن كىم كۆرۈپتۇ؟... دېمەك، قانائەت ئەھلى «ئەنقا» كەبى يۈكسەك ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر...

(ئا. داموللام)

تەمەدە يېگىنىڭ جەسەتتۇركى، سەن بىر چىۋىندۇرسەن. ئادەم باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئۆگىنىپ قالسا، ئۇنىڭ مىنىنىتى ھەرقاچان بېشىڭغا توقماق بولۇپ تېگىپ تۇرىدۇ.

(ئا. داموللام)

سەئىدى مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

ھاتەم[1] تەيدىن (كىشىلەر) سورىدى: «جاھاندا ئۆزۈڭدىنمۇ ئالىي ھىممەتلىكرەك كىشىنى كۆردۈڭمۇ ۋە ئىشىتتىڭمۇ؟» ھاتەم دېدى: «ھەئە، كۆرگەنمەن، بىر كۈنى ئەدەپ ئەمىرلىرى ئۈچۈن قىرىق تۆگە سويغان ئىدىم، كېيىن بىر ئىش بىلەن بىر سەھرانىڭ چېتىگە چىقىشقا توغرا كەلدى. قارىسام، ئۇ يەردە بىر ياتاقچى ياتاق يىغىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا دېدىم: «نېمىشقا ھاتەمنىڭ مېھماندارچىلىقىغا بارمايسەن؟ خالايىق ئۇنىڭ داستىخىنىغا توپلاندىغۇ؟»

ئۇ دېدى:

يېسە نان ھەركىشى قىلىپ مېھنەت،
ھاتەمنىڭ شەپقىتىگە يوق ھاجەت.

شۇڭا مەن ئۇنى ھىممەت ۋە سېخىيلىق جەھەتتە ئۆزۈمدىنمۇ ئۈستۈنرەك كۆردۈم...

ئوغلۇم، تەمەخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى نېمىدېگەن يامان! مۇنۇ ھېكايىنى ئوقۇ، ئىبرەت ئال.

بىر ئاچ تۈلكە ئوزۇق ئىزدەپ تۆشۈكتىن چىقىپتۇ ۋە ھېرىس ھەم ئاچلىق قەدىمى بىلەن ھەر تەرەپكە سوكۇلداپ كېتىپ بارسا، توساتتىن بىر نەرسىنىڭ ھىدى ئۇنىڭ بۇرنىغا پۇراپتۇ. تۈلكە شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىپ بېرىپ قارىسا، ياۋا ھايۋانلاردىن بىرى گۆشىنى يەپ بولۇپ تاشلىۋەتكەن بىر پارچە تېرە ياتقان

---

[1] ھاتەم تەي ـــ سېخىيلىق بىلەن مەشھۇر بولغان بىر كىشى.

ئىكەن. ئاچ تۈلكىنىڭ ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا كۆزى روشەن بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىگە سۆيۈنچ قۇۋۋىتى كىرىپتۇ.

تۈلكە ئۇ تېرىنى تەسەررۇپ جاڭگىلىغا ئېلىپ ئۇۋىسىغا يۈزلىنىپتۇ. ئۇ تېرىنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، بىر كەنتنىڭ بىر چېتىگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە ئۇ يەردە دانلاپ يۈرگەن سېمىز توخۇلارنى كۆرۈپتۇ. زېرەك ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا توخۇلاردىن خەۋەر ئېلىپ يۈرگەن ئىكەن. تۈلكىنىڭ توخۇ يېيىش ئىشتىھاسى ھەرىكەتكە كەپتۇ ـ دە، توخۇلارنىڭ بېشىنى چايناش خىيالىدا تېرە چايناش زوقىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر چىلبۆرە ئۇ يەرگە كېلىپ تۈلكىدىن سوراپتۇ:

ـــ ساڭا نېمە ھادىسە يۈز بەردى بۇرادەر؟ بەكمۇ تېپىرلاپ قاپسەنغۇ؟

ـــ ماڭا ئۆزۈمنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىق نېمەت ئۇچرىدى، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۈلكە، ـــ ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسىدا نەپسىم ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىلەر تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاچلىق بالاسى ۋە ئاچارچىلىق ئازابىغا گىرىپتار بولغانىدىم. بۈگۈن رىزىق خەزىنىچىسى ماڭا بىر پارچە تېرە بەردى. ئەمدى مانا بۇ توخۇلارنى كۆردۈم. ئىشتىھايىم جازىبىسى ئۇلاردىن بىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئارزۇ دىمىغىنى ئۇنىڭ گۆشى بىلەن تاتلىق قىلىشىمنى تەقەززا قىلىدۇ.

ـــ ھەيھات، ھەيھات، ـــ دەپتۇ چىلبۆرە، ـــ نەچچە كۈنلەر بولدى، مەنمۇ ئاشۇ توخۇلارنىڭ قەستىدە يۈرۈۋاتىمەن. ئەمما، ئاۋۇ ئوغۇلنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ توخۇلارنى شۇنداق مۇھاپىزەت قىلىۋاتىدۇكى، خىيال ئوۋچىسى ئۇنىڭ قورقۇنچىسىدىن ھېچقايسىسىنىڭ سۈرىتىنى تەسەۋۋۇر دامىغا چۈشۈرەلمەيدۇ ۋە تەپەككۇر تەقەززاسى ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قولى تىترەپ، ھېچقايسىسىنى ئالماق نەقىشىنى خىيال لەۋھەسىگە يازالمايدۇ. مەن مۇشۇ ئارزۇدا قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق ئۆمۈر كەچۈرۈۋاتىمەن. سېنىڭ ئاغزىڭدا نەق بىر پارچە تېرە بولغاندىكىن، شۇنى غەنىيمەت بىلىپ، بىھۇدە تەمەدىن ۋاز كەچسەڭچۇ؟

قولۇڭدا بارىغا قانائەت قىل بەس،
ئۇندىن ئارتۇقىنى يەنە قىلما ھەۋەس.

ـــ ھەي بۇرادەر، ـــ دەپتۇ تۈلكە، ـــ مۇراد ئاسمىنىغا چىقىش مۇمكىن

بولغان هالدا، تۆۋەن ۋە پەس جايدا تۇرۇش ھەممەتسىزلىكتىن بولىدۇ. راھەت چەمەنزارلىقىدا ئىشرەت گۈلىنى تاماشا قىلىشقا قۇدرىتى يار بەرگەن تۇرۇقلۇق، مېھنەت تىكەنلىكىگە قەدەم قويۇش جۇرئەتسىزلىكتىن بولىدۇ. مېنىڭ ئالىي ھىممىتىم ئاشۇ يېڭى ۋە سېمىز گۆشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، مۇشۇ سېسىق ۋە بىمەززە تېرىگە قانائەت قىلىشقا يول قويمايدۇ.

چىلبۆرە:

— خام تەمە ھېرىسقا ھىممەت دەپ ئىسىم قويۇۋاپسەن ۋە تەمەگە غەيرەت دەپ لەقەم قويۇۋاپسەن، تەمە ھايا پەردىسىدىن چىقىرىدۇ. ھەسەت دىندىن چىقىرىدۇ.

ھەسەت دىندىن چىقىرار، غەزەپ ئەقلىنى قاچۇرار،
يالغانچىلىق ياخشىنى، تەمە ھايانى ئۇچۇرار.

سەن راھەتنىڭ قانائەتتە، غەيرەتنىڭ دەرۋىشلىكتە ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىكەنسەن. ئەزەلدە كىشىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن رىزقىغا قانائەت قىلىشتىن ياخشى ئىش يوق، ئارتۇقنى قىلىش تەرىپىگە ئۇرۇلمىگىن. مەن سېنىڭ ئۆز تەقسىماتىڭدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلىشىڭ نەتىجىسىدە، تاپقان تېرەڭمۇ قولدىن كېتىپ بىر يولىلا مەھرۇم ۋە شىكەستە دىل بولۇپ قالمىغىيدىڭ دەپ ئەنسىرەيمەن. سېنىڭ ئەھۋالىڭ خۇددى قۇيرۇقسىز ئېشەكنىڭ قۇيرۇق ئىزلەپ، قۇلىقىنىمۇ نابۇت قىلغىنىغا ئوخشاش ئىش بولۇپ قالدى، — دەپتۇ.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە.

چىلبۆرە سۆزلەپ بېرىپتۇ:

بار ئىدى بىر چوڭ ئېشەك قورسىقى توق،
بارچە ئەزاسى دۇرۇس، قۇيرۇقى يوق.
بىر كۈن چېكىپ ئۇ تولا نالەيۇ ئاھ،
قۇيرۇق ئىزلەپ تالاغا چىقتى ناگاھ.
كەتمەكچى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىختىيار،
بىر زىرائەت ئىچىگە بېرىپ كىردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇندا دېھقان بار ئىدى، ئۇنى كۆردۇق،
بېرىپ ئىككى قۇلاققا راسا ئۇردى.
قۇيرۇق تاپاي دەپ چىققان ئىدى ئېشەك،
ئىككى قۇلاقىنمۇ يوق ئەتتى بېشەك.
ھەددىدىن ئېشىپ ھەربىكتى قەدەم قويسا،
تاپار بېرىپ ئاخىر شۇنداق جازا.

لېكىن تۈلكە ناھايىتى بەك ھېرىس بولغانلىقىدىن چىلبۆرىنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلماپتۇ.

چۈشتى باشىمغا مېنىڭ زارىمغا يەتمەكتىن خىيال،
مېنى ئۇندىن مەنئى قىلماقلىق ئېرۇر پىكىر مەھال.

ــــ سەن تاماشا قىلىپ تۇرغىنا، مەن ئۇ توخۇلارنى ھىيلە بىلەن قانداق تۇتىدىكەنمەن ۋە تەسەررۇپۇم دامىغا قانداق چۈشۈرىدىكەنمەن قېنى، ــــ دەپتۇ تۈلكە ۋە ئۇ تېرىنى تاشلاپ، توخۇلار تەرىپىگە يۈزلىنىپتۇ. چىلبۆرە ئۇ بىغەرەزگە ئۆزىنىڭ قاتتىق نەسىھەتلىرى تەسىر قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز يولىغا كېتىۋېرىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان سا يەردە ياتقان تېرىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنى ئۆلۈپ قالغان جانىۋار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ئۇنى ئېلىپلا ھاۋاغا ئۆرلەپتۇ. تۈلكە توخۇ قېشىغا تېخى يەتمەي تۇرۇپلا، زېرەك كەمەنگاھىدىن يوگۇرۇپ چىقىپ تاياقنى چەنلەپ ئاتقانىكەن، تۈلكىنىڭ پۇتى سۇنۇپتۇ. بىچارە تۈلكە جان ئاچچىقى بىلەن يىقىلىپ ـ قوپۇپ قېچىپ، توخۇ يېيىشنى تاشلاپتۇ ۋە تېرىنى تاشلىغان يەرگە ئۆزىنى ئېلىپ قارىسا، تېرىدىن ھېچ ئەسەر كۆرۈنمەپتۇ. پەرىشانلىقى زىيادە بولغان تۈلكە نالە ـ زار تىلى بىلەن دۇئا قىلماقچى بولۇپ ئاسمانغا قاراپتۇ. قارىسا سا تېرىنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ:

ئالغان ئىدىڭ كەلگەن ئىدى ئۇڭ،
خاتا كەتتىڭ، ئەمدى ئۇتتۇردۇڭ.

دەۋاتقـۇدەك. تۈلكـە توخۇنـى قولغـا كەلتۈرمـەن دەپ پـۇتى سـۇنغانلىقى ھـەم تاپـقان تېرىسـىنىمۇ قـۇرۇق قالغـانلىقىدىن ئـەلـمى ئېشـىپ، بېشـىنى يەرگـە ئۇرۇۋېرىپتۇ ۋە ئاخىرى مېڭىسى چاچراپ ئۆلۈپتۇ.

(«كەلىلە ـ دىمنە» 261 ـ بەت)

ئوغلـۇم! ھايات مۇساپەك ئۇزۇن. بۇ ئۇزۇن مۇساپىدە يالغۇز، يەككـە ـ يېگانە يۈرەلمەيسـەن، شـۇڭا سـېنى ئـۆزى بىلـەن تـەڭ كۆرىدىغـان، خۇشـاللىقىڭغا تـەڭ خۇشـال بولىدىغـان، قايغۇڭغـا ھـەمدە دـت بولالايدىغـان دوسـتلىرىڭنىڭ بولۇشـى تولـىمۇ زۆرۈر.

لېكـىن شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، تەمەخور بىلەن دوستلىشىشتىن ھەزەر قىل. تەمـەخور ساڭا ھەرقانچـە دوسـتلۇق ئىلتىجاسـىنى قىلسـا، ئەسلا قوبـۇل قىلمـا، يېقىنلاشما. ئۇنىڭ دوستلۇق ئىلتىجاسى سېنىڭ ھوقۇقـۇڭ سايىسـىدا سايىداش، بايلىقىڭدىن پايدا ـ نـەپ كـۆرۈش، ئابرۇي ـ ھـۆرمىتىڭنى دەسمايە قىلىش، ساڭا ھەرگىزمۇ ۋاپادارلىق كۆرستىش ئەمەس.

ئەگەر دوستلاشماقچى بولساڭ، نامرات بولسىمۇ كۆزى توق، قانائەتچان، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن كـۆزىنى قىزارتمايدىغان، ئۆزىنى بۇلغىمايدىغان، ھېرىس ـ تەمـەدىن يىـراق كىشـىلەر بىلـەن دوستلاشقىن. ناۋادا تەمـەخور سېنىڭدىن پايدا ـ نـەپ كۆرەلمىسـە يـۈز ئـۆرۈپ، سـاڭا دۈشـمەن بولىـدۇ ۋەيـاكى دۈشـمىنىڭ بىلـەن دوستلىشىدۇ.

دوست دېمە، كىمكى نېمەت ئۈستىدە،
يار بۇرادەرلىكتىن ئۇرسا قانچە لاپ.

دوست شۇكى، پەرىشان ئېغىر كۈنلەردە،
قول تۇتۇپ دوستلۇقنى قالىدۇ ساقلاپ.

ئەي ئاقىل، شۇ دوستتىن ئالاقەڭنى ئۈز،
ئەگەر دۈشمىنىڭگە بولۇپ قالسا ئۆز.

ئوغلۇم، بۇ پانىي ئالەمدە ئادەمدەك ياشاي دېسەڭ، قانائەت كەمىرىنى بېلىڭگە مەھكەم باغلاپ، ھىممەت ـ شىجائىتىڭ بىلـەن ياشىغىنكى، ئاچلىقتىن ئۆلـەر

ھالەتكە كەلسەڭمۇ باشقىلارنىڭ مال ـ دۇنياسىغا، ھوقۇق ـ ئىمتىيازىغا ھېرىس ـ تەمە كۆزى بىلەن قارىما.

بۇ ھەقتە سەئىدى شۇنداق ئوتلۇق نەپەس قىلىدۇ:

تار ئۇچەينى تولدۇرار ھەرئاندا بىر نان بەرىكىتى،
تويدۇرالماس كۆزى ئاچنى يەر يۈزىنىڭ نېمىتى...

ئوغلۇم، قانائەتچان كىشى ئادەملەرنىڭ ياخشىسىدۇر، ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز: «ياخشىدىن ئات قاپتۇ، ياماندىن گال» دەپ توغرا ئېيتىدۇ. بۇ دۇنيادا ياخشى نامىڭ قالسۇنكى، «ئاچ كۆز، تەمەخور» دېگەن يامان ئاتقا قالما.

ئوغلۇم، سەۋرسىز ئادەم ئالدىراڭغۇ كېلىدۇ، ئالدىراڭغۇ، قىزىققان ئادەم تەنتەك كېلىدۇ، تەنتەكلىك يارامسىزلىقتۇر. ئالدىراڭغۇلۇق ئەقىلنى ئوغرىلاپ، ئويلاشقا ئىمكان بەرمەيدۇ. ئەقىل ئوغرىلانغان ئىكەن، ئەقىل تىزگىنىنىڭ قولۇڭدا بولمايدۇ ـ دە، قىلىنغان ھەرقانداق ئىشىڭ نۇقسانلىق بولىدۇ. ئالدىراش قىلغان ئىش چالا قالىدۇ. شۇڭا ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ: «ئالدىرىغان قالار، ئالدىرىمىغان ئالار»، «ئالدىرىمىساڭ غورىدىن ھالۋا يېشار» دېگىنى شۇ جۈملىدىندۇر.

شۇڭا ھايات بىنايىڭنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەم بولسۇن دېسەڭ، ھەربىر ئىشنى پۇختا ئويلاپ، تەمكىنلىك بىلەن ئورۇنداشقا ئادەتلەنگىن. پازىل بۇزرۇكلەر يەنە: «ئېغىرلىق رەھمانلىق، ئىتتىكلىك شەيتانلىق» دەپ بىزنى ئاگاھلاندۇرغان. شەيتان ۋەسۋەسىسى بىلەن ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ پۇشايمانغا قالما. كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەندۇر. بۇزرۇكلەردىن بىرى تەمكىنلىكنىڭ پايدىسىنى مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ: «كىمكى ئالدىرىماي، سەۋر ـ قانائەت بىلەن ئىش قىلسا، قىلغان ئىشى توغرا چىقىدۇ ياكى شۇنىڭغا يېقىن بولىدۇ، ئالدىرىغان ئادەمنىڭ ئىشى خاتا چىقىدۇ ياكى خاتاغا يېقىن بولىدۇ».

سەئىدى ئالدىراڭغۇلۇق ھەققىدە شۇنداق ھېكمەتلەرنى قىلىدۇ: «ھەرقانداق ئىش سەۋرچانلىق بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئالدىراڭغۇلۇق پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ».

ئوغلۇم، ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىكەن؟ تۆۋەندىكى

«ئالدىراڭغۇ كەپتەرنىڭ ھېكايىسى» گە قۇلاق سال.

## ھېكايەت

بىر جۈپ كەپتەر ياز كۈنى قىشلىق ئوزۇقى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا چوقۇلاپ (جۇغلاپ)، ئۇۋىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا زاپاس قىلىپ ساقلاپ قويغانىكەن. بىر كۈنى كەپتەرلەرنىڭ ئەركىكى ئاشۇ دانلارنى ياخشى ساقلاشنى تاپىلاپ قويۇپ سەپەرگە كېتىپتۇ. دانلار جۇغلانغان ۋاقتى نەم ئىكەن. شۇڭا كۆپۈپ تۇرغاچقا كۆپ كۆرۈنگەن ئىكەن. ئەركەك كەپتەر سەپەردىن قايتىپ كەلگىچە ھاۋانىڭ ھارارىتى بىلەن ئۇ دانلار قۇرۇپ كەتكەچكە جىمىقىپ ئاز كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەركەك كەپتەر سەپەردىن قايتىپ كېلىپلا داننىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ چىشىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ داندىن نېمىشقا يېدىڭ؟ بۇنى قىشلىقىمىز ئۈچۈن زاپاس قىلىپ قويماپمىدۇق؟

— ئىللا - بىللا، — دەپتۇ چىشى كەپتەر، — مەن داندىن يېيىش تۇگۇل، يېيىش دېگەن خىيالنى خاتىرەمگە كەلتۈرمىدىم.

ئەركەك كەپتەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەپتۇ ۋە غەزىپى تېشىپ ئۇنى تۇمشۇقى بىلەن بىرنەچچىنى چوقۇپ، قانتى بىلەن بىر نەچچىنى سوققان ئىكەن ئۆلۈپ قاپتۇ. كېيىن ئىككى - ئۈچ كۈن يامغۇر ياغقان ئىكەن، دان كۆپۈپ يەنە ئەسلىدىكى ھالىغا كېلىپ قاپتۇ. شۇ چاغدىلا ئەركەك كەپتەر دانلارنى ئۇنىڭ جۈپتى يېگەن بولماي، بەلكى قۇرۇپ ئازلىغانلىقى ئۈچۈن ئاز كۆرۈنگەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆز جۈپتىگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئىزتىراپ بىلەن ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ نالە قىلىپ:

— مېھرىبان يارنىڭ پىراقى قاتتىق رەنج ئىكەن، نادامەتنىڭ پايدا بەرمەسلىكى ئۇنىڭدىمۇ قاتتىق ئىكەن، — دەپتۇ.

ئوغلۇم، شۇمۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، بەزى ئىشلاردا ئالدىراڭغۇلۇق قىلمايمەن دەپ بوشاڭلىق، سۆرەلمىلىك قىلساڭ، ئىشنىڭ پۇرسىتى قولدىن كېتىپ، ئىشىڭ ئاقساپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، چاققانلىق قىلىدىغان ۋاقىتتا ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى ئوبدان ئويلاپ چاققانلىق قىلىش ۋە شۇ ئىشنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىك لازىمدۇر. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «ۋاقىتىڭ كەتتى، بەختىڭ

كەتتى»، «ياخشى ئىشقا سۈسلۇق قىلما، يامان ئىشقا يەڭگىللىك قىلما» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئوغلۇم، سەۋرسىزلىكنىڭ يەنە بىر ئالامىتى تولا ئاچچىقلىنىپ غەزەپلىنىشتۇر. ئادەم ئاسان تېرىكىدىغان، قىزىققان بولسا، تولا ئاچچىقلىنىپ غەزەپلىنىدىغان بولسا، ئوخشاشلا ئەخلاقسىز سانىلىدۇ. ئەخلاقى يوق ئادەم نادان، ئەقلى يوق ئادەم ھېسابلىنىپ، ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا يۈز ـ ئابرۇيى تۆۋەندۇر.

بۇ ھەقتە ئەجدادلىرىمىز: «گۈزەل ئەخلاق قەھر ـ غەزەپ كەلگەندە بىلىنىدۇ»، «قەھرى ـ غەزىپىنى يەڭگەن كىشى كەلگۈسىدىكى راھەتنى تەمىن ئېتىدۇ»، «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر»... دەپ توغرا ئېيتقان.

ئوغلۇم، تولا ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپلىنىش بىرخىل يامان ئادەت بولۇپلا قالماي يامان كېسەل. چۈنكى بۇ خىل كېسەللىك تۈپەيلى سەن ئاچچىقلىنىپ غەزەپ قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىسەن، بۇنىڭ بىلەن ئەتراپىڭدىكىلەر سەندىن بىزار بولىدۇ. ئۆزۈڭ ھەم شەرمىسار بولىسەن. ئاچچىقىڭ بېسىلىپ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭگە پۇشايمان قىلساڭمۇ، رەنجىگەن كۆڭۈللەر يارا بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەجدادلىرىمىز «سۇغا سالسا سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس سۇنغان كۆڭۈلنى»، «دىل ئازار، خۇدا بىزار»، «غەزەپ بىلەن قىزارغان يۈز، پۇشايمان بىلەن قېرىيدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

بىر كىشى بۇزرۇكۋاردىن: «بارلىق ياخشى خۇلقنى كىشىنىڭ يادىدا تۇتۇش ئاسان بولغان بىر سۆيەتكە يىغىنچاقلاپ بەرسەڭ» دەپ ئىلتىماس قىلغانىكەن. بۇ بۇزرۇكۋار كىشى، «غەزەپنى رەت قىلماق ھەممە ياخشى خۇيلارنىڭ ئاتىسى، ئاچچىقلانماق بارلىق يامان خۇيلارنىڭ ئانىسى» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

ئوغلۇم، بۇ دۇنيادا دوستلىرىڭنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئىزدىسەڭ، خاتىرجەم ياشاي دېسەڭ ئاسان ئاچچىقلىنىپ، غەزەپلىنىدىغان يامان خۇيغا ئادەتلەنمە، ئەگەر ئادەتلىنىپ قالىدىغان بولساڭ، قولۇڭ ۋە تىلىڭ بىلەن كىشىلەرگە ئازار بېرىپ، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەندە، تۆۋەندىكى ھېكايىدىكى سۇغا چۆكۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ھالىدەك ئەھۋالدا قالىسەن.

سەئىدى شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

بىر قانچىلىغان چوڭ ئەمەلدارلار بىلەن بىر كېمىگە چۈشكەن ئىدىم، ئارقىمىزدا بىر قېيىق چۆكۈپ كېتىپ، ئىككى بۇرادەر سۇنىڭ قاينىمىغا چۈشۈپ قالدى. ئەمەلدارلاردىن بىرى دېڭىزچىغا دېدى: «ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋال، ھەربىرى ئۈچۈن 50 دىناردىن پۇل بېرىمەن.»
دېڭىزچى سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ بىرىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى. يەنە بىرى سۇدا ھالاك بولدى. شۇندا مەن دېدىم: «ئۇنىڭ ئۆمرى شۇنچىلىك ئىكەن ـ دە، شۇڭا سەن ئۇنى قويۇپ تۇرۇپ، يەنە بىرىنى ئېلىپ چىقىشقا ئالدىرىدىڭ.»
دېڭىزچى كۈلۈپ دېدى: «سىنىڭ دېگىنىڭمۇ توغرا، لېكىن يەنە بىر تەرىپىمۇ بار، مېنىڭ كۆڭلۈم مۇشۇ بىرسىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا كۆپرەك مايىل ئىدى. چۈنكى بىر زاماندا مەن باياۋاندا قالغاندا بۇ بۇرادەر مېنى تۆگىسىگە مىندۇرۇۋالغان، ئاۋۇ بىرىدىن بالا ۋاقتىمدا تاياق يېگەنىدىم.»
مەن دېدىم: «خۇدا راست ئېيتقان ئىكەن، «كىمكى ياخشى ئىش قىلسا (ساۋابى) ئۆزىگە، كىمكى يامان ئىش قىلسا (جازاسى يەنىلا) ئۆزىگە.»
ئوغلۇم، ئادەم تولا ئاچچىقلىنىپ، غەزەپلەنگەندە، تىل ئىختىيارىغا مۇلايىملىق قۇلۇپىنى سالالمايدۇ ـ دە، ئادەمنىڭ تىلى زەھەر بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا قىلىنغان سۆز ئوغىدەك باشقىلارنىڭ جېنىغا تېگىدۇ. تاياقتىنمۇ بەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. تىلنىڭ قۇدرىتى ئەنە شۇ يەردە بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا «تىغ يارىسىدىن تىل يارىسى يامان»، «زۇۋانغا كەلدى، زىيانغا كەلدى»، «ياخشى سۆز تىلنى يارار، يامان سۆز باشنى» دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ئەقلىيەلەر تارقالغان.

ئۆزگىنى قارغىما، ھۆرمەت تاپىسەن،
نېمىنى تېرساڭ شۇنى ئالىسەن.

ئوغلۇم، ئاچچىقنى غەزەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەننىڭ ۋە تىل ئىختىيارىغا

مۇلايىملىق قۇلۇپىنى سالالمىغانلىقنىڭ ھالى قانداق بولۇر؟
سەئدى مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

### ھېكايەت

ھېكايەت قىلىنىشىچە، بىر مۇشتلاشچى پالۋاننىڭ ئىشى ئوڭدىن كەلمىگەچكە، موھتاجلىق تۈپەيلىدىن كەڭ بوغۇزى جېنى بىلەن خوشلىشاي دەپ قالغانىدى. ئۇ شىكايەت بىلەن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىجازەت سورىدى: «مەن سەپەرگە چىقماقچىمەن، بەلكىم بىلىكىمنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن بەخت ئېتەكىنى قولغا كەلتۈرسەم ئەجەب ئەمەس.»

ئىشلەتمىسەڭ پايدا يوقتۇر ھۈنەر ـ پەندە،
پۇراق بىرەر ئارچا ئوتتا، مۇشك سۈرتكەندە.

ئاتىسى دېدى: «ئوغلۇم، ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيالنى كاللاڭدىن چىقىرىپ تاشلا، قانائەت ئايىغىنى سالامەتلىك ئېگىسى بىلەن ياپ. چۈنكى چوڭلار ئېيتىدۇ: بەختۇ دۆلەت كۈچىنىپ قولغا كەلتۈرىدىغان نەرسە ئەمەس، ئازراق ھاياجانلانغىننىڭ تۈزۈك.»

ئۈشلىيالماس بەخت پېشىنى كۈچ بىلەن ھەربىر كىشى،
قوي، كۈچەنمە، ئوسمىغا موھتاج ئەمەس، ئەما قېشى.

«... مۇشۇ بەستىم بىلەن قۇتربغان پىل بىلەنمۇ ئېلىشالايمەن، قەھرىلىك شىر بىلەنمۇ ئېلىشالايمەن. شۇنداق ئىكەن، ئاتا، مەن سەپەرگە چىقاي، چۈنكى يوقسۇللۇقفا چىداشقا ئەمدى تاقەت قىلالمايمەن.

ئايرىلىپ كەتسە كىشى ئۆز جايىدىن ۋە ئۆز يۇرتىدىن،
نېمە غەم يەر، ئۆي ـ ماكان بولغاي ئاڭا ئەتراپ جاھان.
كېچە بولسا باي كىشى ساراي تېپىشقا ئالدىرار،
نەدە كەچ بولسا، شۇ يەر مىسكىن كىشىگە ئۆي ـ ماكان.»

ئۇ شۇ سۆزنى دېدى ـ دە، ئاتىسى بىلەن ۋىدالاشتى ۋە دۇئا تەلەپتە بولۇپ، يولغا راۋان بولدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى مۇنداق دەيتتى:

ھۈنەر ئەھلىگە بولمىسا بەخت يار،
كېزىپ باققۇلۇق ناتونۇش دىيار.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر دەريانىڭ ياقىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ دەريانىڭ شىددەتلىك ئېقىمىدىن تاش ـ تاشقا ئۇرۇلاتتى. گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز نەچچە چاقىرىم يەرگە ئاڭلىناتتى.

بۇ خەتەرلىك سۇكى، ئۆردەكمۇ ئەمىن تاپماس ئىدى،
ھەر يوغان تاش بىرلا دولقۇندىن ئامان قالماس ئىدى.

يىگىت بىر گۇرۇھ كىشىنى كۆردى. بۇ يەردە ھەربىر كىشى ئۇششاق مىس پۇلغا قېيىقتىن ئورۇن ئېلىپ ئۆتۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن، يىگىتنىڭ بىرشكە بىر تىيىنمۇ بولمىغانلىقتىن، دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئەمما شۇنچە يالۋۇرسىمۇ، پايدىسى بولمىدى.
ۋىجدانسىز كېمىچى كۈلۈپ قويۇپ ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرىدى ـ دە، دېدى:

«ئۆتەلمەيسەن بۇ دەريادىن پۇلسىز، كۈچ بىلەن،
كارغا كەلمەس، ئون ئەر كۈچى بىر كىشىلىك پۇل بەر!»

كېمىچىنىڭ تەنىسىدىن يىگىتنىڭ يۈرىكى سىقىلدى ـ دە، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولدى. ئەمما قېيىق يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ۋارقىرىدى: «ئەگەر ئۇستۇمدىكى چاپىنىم بىلەن قانائەتلىنىدىغان بولساڭ، ئاياپ تۇرمايمەن» كېمىچى (ئالدىنىپ) چاپان تەمەسى بىلەن قېيىقنى ئارقىغا بۇرىدى.

ئەقىللىق كۆزىنى ھېرىس كور قىلار،
تەمە قۇش، بېلىقنى تۇزاققا ئىلار.

يىگىت كېمىچىنىڭ ساقىلىنى ياقىسى بىلەن قوشۇپ بىرلا سىقىمداپ ئالدىغا تارتتى ـ دە، ئايىماستىن يەرگە ئۇردى. ئۇنىڭ شېرىكى ياردەم بېرىش ئۈچۈن قېيىقتىن سەكرەپ چۈشكەن بولسىمۇ، ئوخشاشلا زەربىگە ئۇچراپ نېرى قاچتى. ئەمدى كېمىچىلەرگە ئۇنىڭ بىلەن مادارا قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغانىدى. قېيىقنىڭ كىراسىدىنمۇ كەچتى.

سەۋر قىل، قوپاللىقنى كۆرسەڭ ئەگەر،
جېدەل ئىگىسىنى ياۋاشلىق ئېتەر.
سىلاپ ئەركىلەتسەڭ شېرىن تىل بىلەن،
يېتەكلەيسەن پىلنى بىر تال قىل بىلەن.
يېسەڭمۇ ئازار، بولغىن خۇشخۇي، تىنچ،
يىپەك يۇمشاق بولغاچ، كېسەلمەس قىلىچ.

كېمىچىلەر ئۆتكەن ئىشقا ئەپۇ سوراپ، يىگىتنىڭ ئايىغىغا باش قويدى ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى سۆيۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇنى قېيىققا ئولتۇرغۇزۇپ، يولغا راۋان بولدى. تاكى سۇنىڭ ئۇستىدە چوقچىيىپ تۇرغان يۇنان ئىمارىتىنىڭ بىر تۈۋرۈكىگىچە يەتكىچە ئۈزۈشتى. بۇ يەرگە كەلگەندە كېمىچى دېدى: «قېيىقتا بىر تۆشۈك بار، ئاراڭلاردىن باتۇرراق بىرەيلەن ئاۋۇ تۈۋرۈككە چىقىپ، قېيىقنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتۇپ تۇرسا، تۆشۈكنى ئېتىۋالاتتۇق».

يىگىت پەھلىۋانلىق غۇرۇرى بىلەن بايىلا ئۆزى رەنجىتكەن دۈشمەننى ئويلاپمۇ قويمىدى ۋە دانىشمەنلەرنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلمىدى. دانىشمەنلەر ئېيتقانكى: «بىراۋنىڭ كۆڭلىنى بىر قېتىم رەنجىتىپ قويۇپ، ئارقىدىن يۈز رەھمەت يەتكۈزگەن بولساڭمۇ، ئاشۇ بىر رەنجىتكىنىڭ ئۈچۈن ئىنتىقامغا ئۇچراشتىن ساقلان. چۈنكى ئوقيانىڭ ئوقى جاراھەتتىن چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن ئەلەم يۈرەكتە قالىدۇ.»

ئەمىن بولما، سەنمۇ ئەلەم تارتىسەن،
قولۇڭدىن بىراۋ چەككەن بولسا ئەلەم.

تاش ئاتما سەن سېپىل ئۈستىگە،
ئۇ يەردىن ياغار تاش بېشىڭغا شۇ دەم.

يىگىت كېمىنىڭ ئارغامچىسىنى بېلىگە ئوراپ، تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىشى بىلەنلا، كېمىچى ئۇنىڭ قولىدىكى ئارغامچىنى كېسىپ تاشلاپ كېمىنى تېز ھەيدەپ كەتتى. بىچارە پەھلىۋان ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ئىككى كۈن جاپا ـ مۇشەققەت چەكتى ۋە بەك ئېغىر چىلىق تارتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇيقۇ ياقىسىدىن تۇتۇپ سۇغا ئاتتى... («گۈلىستان»دىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

ئوغلۇم! ئاچچىقلىق كەلگەندە ئۇنى غەزەپكە تاپشۇرۇپ بەرمە... «قەھر ـ غەزەپ ئوتىنى مۇلايىملىق سۈيى بىلەن ئۆچۈر.»

مۇلايىملىق ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇلايىم ئادەم باشقىلارغا مېھرى ئىسسىق، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. مۇلايىم ئادەمنىڭ يولى ئوچۇق، دۈشمىنى ئاز، دوست ـ يارەنلىرى كۆپ بولىدۇ. مۇلايىم ئادەم خەيرلىك ئىشلارغا يېقىن، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇلايىملىقى باشقا ھەرقانداق ئىللەتلىرىنى يېپىپ كېتىدۇ. مۇلايىم ئادەمنىڭ خەۋپ ـ خەتىرى ئاز بولىدۇ. مۇلايىم، يۇمشاق كۆڭۈللۈك كىشىنى ھەممە ياقتۇرىدۇ.

ئوغلۇم، ئاچچىقلىق كەلگەندە ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى سىناپ كۆر، ئەسقىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئاچچىقلىق كەلگەندە ئۆزۈڭگە ھاي بەر، ئاگاھلاندۇر، يەنى «ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش ـــ ئەقىلسىزلىق» دېگەننى ئويلاپ، بۇ سۆزنى ئاچچىقلىق بېسىلغۇچە تەكرارلا. بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىسا، ئۆرە تۇرغان بولساڭ ئولتۇرۇۋال، ئولتۇرۇۋالغان بولساڭ يېتىۋال. بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىسا نەق مەيداندىن ئايرىل... مېنىڭچە بۇ ئۇسۇللار ئۈنۈم بېرىشى مۇمكىن.

ئوغلۇم، تولا ئاچچىقلىنىپ، غەزەپلىنىش ئادەمنى يۈز ـ ئابرۇي، ھۆرمەتتىن مەھرۇم قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى سالامەتلىكتىن ئىبارەت قىممەتلىك بايلىقىڭنى نابۇت قىلىدۇ.

تېببىي تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاچچىقلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى ئەرلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئاسان ئاچچىقلانمايدىغان ئەرلەرگە قارىغاندا ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن. 55 ياشقا بارغاندا ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان ئەرلەرنىڭ يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىش

www.uyghurkitap.com

ئىھتىماللىقى ئاسان ئاچچىقلانمايدىغان ئەرلەرگە قارىغاندا ئالتە ھەسسىدىن ئارتۇق بولىدىكەن (بىلىم ـ كۈچ ژۇرنىلى، 2007 ـ يىل ماي، 25 ـ بەت).

ئوغلۇم، سالامەت تۇغۇلۇپ، سالامەت چوڭ بولدۇڭ. بۇ سىنىڭ بەختىڭ. ئەگەر چوڭ بولغاندا كېسەلنىڭ قولى، دوختۇرنىڭ بىمارى بولماي دېسەڭ، بىرلا ياشاش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلەي دېسەڭ، سالامەتلىكىڭنىڭ كۈشەندىلىرى بىلەن كۈرەش قىل، ياخشى تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئېسىل ئادىمىيلىك ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىش، تولا ئاچچىقلانما ۋە ئۇنى غەزەپكە ئايلاندۇرما.

غەزەپ ھەققىدە بۈزرۈكلەر مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

«ئاگاھ بولۇڭلاركى: غەزەپ بەئەينى ئىنسان ئىچىدىكى يېنىپ تۇرغان چوغدۇر. بىلىسلەركى، غەزىپى كەلگەن كىشىنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ كېتىدۇ. ئەگەر قايسى بىرىڭلار شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالساڭلار يەرگە ئولتۇرۇۋېلىڭلار. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئادەملەرنىڭ ياخشىسى غەزىپى ئاستا كېلىپ، تېز قايتىدىغان ئادەمدۇر. يامىنى تېز كېلىپ، ئاستا قايتىدىغان ئادەمدۇر. غەزىپى ئاستا كېلىپ، ئاستا قايتسا ياكى تېز كېلىپ تېز قايتسا، بۇمۇ دۇرۇس، ئاگاھ بولۇڭلاركى، سودىگەرلەرنىڭ ياخشىسى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا خۇش مۇئامىلە بولىدۇ. يامىنى بولسا قوپال مۇئامىلىلىك بولىدۇ. ئەنە شۇنداق خىسلەتلەردىن ھېچبولمىسا، بىرىگە ئىگە بولسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.»

ئوغلۇم، ئاگاھ بولغىنكى، ئاسان ئاچچىقلىنىپ ۋە غەزەپلىنىپ ئادەملەرنىڭ يامىنى بولۇپ قالمىغىن.

سەئدى «گۈلىستان»دا كۆچەپ تەكىتلىگەن بىر مەسىلە «تىل ـ نۇتۇق»تۇر.

ئوغلۇم، لايىقىدا ئىشلىتىلسە بەخت ـ سائادەت ئىشىكى ئېچىلىدىغان، جايىدا ئىشلىتىلمىسە كىشىنى پۇشايمانغا قالدۇرىدىغان، ھەتتا بېشىدىن ئايرىلىدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ تىل ـ نۇتۇق.

تىل ـ نۇتۇق توغرىسىدا بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر ھايات ساۋاقلىرى ئاساسىدا نۇرغۇنلىغان ئىبرەتلىك ھېكايىلەرنى، پاساھەتلىك ھېكمەتلەرنى، ئەقلىيەلىك دۇردانىلارنى تۇزۇپ تەقدىم ئەتكەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە يەنە ئىككى كەلىمە سۆزلىسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان ھاياتلىقىدا تىل ـ نۇتۇقتىن ئايرىلىپ ياشىغان ئەمەس. ھەممىمىز تىل ـ نۇتۇق قورالىدىن پايدىلىنىپ ئالاقە قىلىمىز، پىكىر ئالماشتۇرىمىز، مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمىزنى چۈشىنىمىز. تىل ـ نۇتۇق قورالىدىن توغرا پايدىلانغاندا مەقسەت ـ مۇددىئايىمىزنى توغرا ئىپادىلەپلا قالماي، كۆزلىگەن

مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز. ھەتتا، نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بىلەن يېتەلمىگەن مەقسەتكە جايىدا ئىشلىتىلگەن بىر ـ ئىككى جۈملە پاساھەتلىك سۆز بىلەن يېتىش مۇمكىن. تارىختا مىلتىق ـ زەمبىرەك بىلەن ئالالمىغان قەلئە ـ شەھەرلەر تىل ـ ئوتتۇق قورالى بىلەن ئېلىنغان، مىلتىق ـ زەمبىرەكنىڭ كۈچى بىلەن قوغداپ قېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان قەلئە ـ شەھەرلەر تىل ـ ئوتتۇقنىڭ قۇدرىتى بىلەن قوغداپ قېلىنغان، تىل ـ ئوتتۇقنىڭ قۇدرىتى بىلەن جەڭلەردە ئۆزىدىن كۆپ ئەسكىرىي كۈچ ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، جايىدا ئىشلىتىلمىگەن سۆز ـ ئوتتۇق قىرغىنچىلىققا تۈرتكە بولغان ۋە نۇرغۇن باشلار تېنىدىن جۇدا بولغان مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئىشەنمىسەڭ مۇنۇ ھېكايىگە قۇلاق سال.

سەئىدى مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

ئاڭلىشىمچە، بويى پاكار، كۆرۈمسىز بىر شاھزادە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى ئېگىز بويلۇق، چىرايلىق ئىكەن. بىر قېتىم ئاتىسى ئۇنىڭغا يىرگىنىش ۋە پەس نەزەر بىلەن قارىغانىدى. ئوغۇل بۇنى پاراسەت ۋە چېچەنلىك بىلەن سېزىپ قېلىپ مۇنداق دېدى: «پاكار دانىشمەن ئۇزۇنتورا ئەخمەقتىن ياخشى، قامىتى ئېگىز بولسىلا قەدىر ـ قىممىتى يۇقىرى بولىۋەرمەيدۇ. چۈنكى قوي پاكىز، پىل پاسكىنا.»

ئاتىسى كۈلۈپ كەتتى، دۆلەت ئەربابلىرىغا بۇ سۆز ماقۇل كەلدى. ئەمما ئاكا ـ ئۇكىلىرى قاتتىق رەنجىدى.

كىشى بىر سۆز دېمىگەن بولسا،
كەمچىلىك خىسلىتى بولۇر پىنھان.
چېپار نەرسىنى جۇۋا دېمىگىن،
بولمىسۇن يولۋاس ئۇخلاپ ياتقان.

ئاڭلىشىمچە، شۇ ئارىدا كۈچلۈك بىر دۈشمەن پادىشاھقا قارشى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن، ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى يۈزمۇيۈز سەپ تارتقانىدا، جەڭ مەيدانىغا بىرىنچى بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن كىشى ئاشۇ يىگىت بولۇپ، ئۇ:

مەن ئەمەسمەن ئۇ كىشى، ئارقامنى كۆرسەڭ جەڭ كۈنى،
شۇ كىشى مەنكى، كۆرەرسەن بېشى قان تۇپراق ئارا.
جەڭگە كىرسە ھەركىشى قانى بىلەن ئويىنار پەقەت،
كىمكى قاچسا جەڭ كۈنى لەشكەرلەرگە بولغاي چوڭ بالا.

دېدى ـ دە، ئۆزىنى دۈشمەن قوشۇنىغا ئېتىپ، پەھلىۋانلىرىدىن بىرقانچىسىنى غۇلىتىۋەتتى. ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلگەندە يەر ئۆپۈپ مۇنداق دېدى:

ئەي كىشى كۆرۈندۈم بىچارە ساڭا،
گەۋدىلىكنى سەن ئەمدى چوڭ بىلمە.
كارغا كەلگەي ئورۇق ئات جەڭدە،
سەمرىتكەن كالىدىن كەلمەس ھېچنېمە.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دۈشمەنىنىڭ ئەسكىرى بىقىياس كۆپ بولۇپ، بۇلار ئاز ئىدى. شۇڭا، بىر توپ ئەسكەر قېچىشقا يۈز تۇتقان. بۇ چاغدا شاھزادە نەرە تارتىپ: «ئەي باتۇرلار، غەيرەت قىلىڭلار ياكى ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋېلىڭلار!» دېگەن.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئاتلىقلارنىڭ غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، ھەممە بىرلىكتە ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئاڭلىشىمچە، ئۇلار شۇ كۈنىلا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قازانغان. پادىشاھ ئوغلىنىڭ يۈز ـ كۆزىنى سۆيۈپ قۇچاقلىغان ۋە ئۇنىڭغا كۈندىن ـ كۈنگە مېھرىبانلىق بىلەن قارىغان. ئاخىرىدا ئۇنى ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىپ جاكارلىغان[1].

مانا كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم، سۆز ـ نۇتۇقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى!؟ مۇبادا شاھزادە ئەسكەرلىرىگە ئەرلىك غۇرۇرى ۋە شجائىتىنى ئاشۇرىدىغان ئاشۇ ئۆتكۈر بىر جۈملە سۆزنى قىلمىغان بولسا، بۇ جەڭ شاھزادىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان بولاتتى.

شۇڭا سۆز ـ نۇتۇقتىن ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك قورالنى جايىغا

[1] «گۈلىستان» دىكى ھېكايەت بولۇپ قىسقارتىپ ئېلىندى.

ئىشلەتكۈلۈككى، «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە!»، «ئېغىز يۇگۇرۇكى ئاشقا بولسا بولسۇنكى، تىل يۇگۇرۇكى باشقا» بولمىسۇن. ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاۋۋال ئويلاپ، ئاندىن سۆزلە. سۆزنى ئىخچام، قىسقا سۆزلە. سۆزنىڭ پوسكاللىسىنى سۆزلىسەڭمۇ، باشقىلار چۈشىنەلىگۈدەك بولسا، «باشتىن كېلەي» دەپ سۆزنى ئۇزارتىپ ئولتۇرما ۋە ياكى ئەزمىلىك قىلىپ باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئالما. دانا بۇزرۇكلەر مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆزى خۇش پېئىل، شېرىن سۆھبەتلىكلەردۇر. يامىنىڭلار ئەزمىلىك قىلىپ كۆپ سۆزلەيدىغانلاردۇر.»

سەئدى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ! «دىلىنى رەنجىتىدىغان خەۋەرنى ئۇقساڭ، سۈكۈت قىل، باشقىلار يەتكۈزسۇن.»

«دوست بىلەن سۆزلەشسەڭ ئاستا سۆزلىگىن، قان ئىچەر دۈشمەننىڭ ئاڭلاپ قالمىسۇن.»

سەئدى بۇ ھەقتە مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

بىر توپ ھىندىستان ھەكىملىرى بۇزرۇجېمىرنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىلىق گەپ - سۆزدە بولۇشۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق كەمچىلىكىنى تاپالمىغان. ئاخىرى ئۇنىڭ بىرلا كەمچىلىكىنى تىلغا ئېلىشقان. ئۇ گەپتە ئەزمە ئىكەن. يەنى سۆزنى بەك كېچىكتۈرۈپ سۆزلىگەچكە، ئاڭلىغۇچىلار ئۇ سۆز ئاچقۇچە ئۇزاق كۈتۈپ قالىدىكەن. بۇزرۇجمېھر بۇنى ئاڭلاپ شۇنداق دېگەن:

«ئاپلا، بۇ سۆزنى نېمىشقا دېگەندىمەن! دەپ پۇشايمان قىلغاندىن كۆرە، نېمە دېسەم بولار، دەپ ئۇزۇن ئويلىغان ياخشى!».

نۇتۇقتا چېنىققان ياشانغان كىشى،
سۆز ئاچماقتىن ئالدىن پىكىردۇر ئىشى.
پىكىر قىلماي ھەرگىز زۇۋان سۇرمىگىن،
گۈزەل سۆزلە، مەيلى كېيىن سۆزلىگىن.
بۇرۇن پۇختا ئويلاپ، قىل سۆزگە جۇرئەت،
«بەس!» دېيىشتىن ئالدىن سۆزۈڭنى توگەت.

www.uyghurkitap.com

ئوغلۇم! ئۆزۈڭدىن چوڭلار، بىلىملىك ئادەملەر بار يەردە تىلىڭنى يىغىپ ئولتۇر. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە لوقما سالما، گېپىنى بۆلمە، ھەرقانچە سۆزلىگۈڭ كەلسىمۇ، باشقىلارنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن سۆزۈڭنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلە، سۆزلىرىڭ سىلىق، يېقىملىق بولسۇن.

سەئىدى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ! «كىمكى بىلىم دەرىجەمنى بىلسۇن دەپ باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئارىلىشىۋالمىسا، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئەڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ».

سەئىدى مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

مەن بىر چاغدا بەئلەبەك جامەسىدە[1] ئېزىلەڭگۈ، كۆڭلى ئۆلگەن، شەكىلدىكى دۇنيادىن مەنىۋى دۇنياغا يول سالالمىغان بىر توپ جامائەتكە ۋەز تەربىسىدە سۆز قىلغانىدىم. قارىسام نەپسىم ئوتلۇق بولمايۋاتىدۇ. ئۇنۇم ئۇلارنىڭ ھۆل ئوتۇنىغا تەسىر قىلمايۋاتىدۇ، ھايۋانلارغا تەربىيە بېرىش ۋە قارىغۇلار مەھەللىسىدە ئەينەك كۆتۈرۈپ يۈرۈش ماڭا پايدىسىز كۆرۈندى. لېكىن پىكىرلەر ئىشىكى ئوچۇق، سۆز زەنجىرى ئۇزۇن ئىدى. مەن سۆزۈمنى بىر جايغا يەتكۈزدۈم - دە، (ئادىتىمچە شېئىرىي تىل بىلەن) مۇنۇ سۆزنى ئېيتتىم:

ئۆز - ئۆزۈمگە مەن يېقىن، دوستۇم ئۆزۈمدىنمۇ يېقىن،
شۇنىسى قىزىق ۋە لېكىن مەن ئۇنىڭدىن بەك يىراق.
نە قىلاي، كىملەرگە ئېيتار ئۇشبۇ ھالىمنى كۆرۈك،
يار قۇچاقىمدا تۇرۇپ، ھىجراندا يۈرگەيمەن بىراق!

مەن بۇ سۆزنىڭ شارابىدىن مەست ئىدىم، گويا قولۇمدا تېخى ئىچىلىپ بولمىغان قەدەھ بار ئىدى، شۇ ئەسنادا بىر يولۇچى بىز يىغىلغان جايدىن ئۆتۈپ

---

[1] بەئلەبەك ــــ شۇاندىكى بىر شەھەر، جامە ـ چوڭ مەسچىت.

قالدى. ئۇنىڭغا سۆزۈمنىڭ ئاخىرى تەسىر قىلغاچقا، ئۇ شۇنداق ۋارقىرىدىكى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى، جىمىپ قالغان مەجلىس قايناشقا باشلىدى. مەن دېدىم: «سۇبھانالللا! قېشىمىزدىكى قەلبى كورلار يىراقتا قېلىپ، ئۆزى يىراقتا بولسىمۇ، خۇدادىن خەۋىرى بارلار بۇ يەردىن چىقىپ قالدى!»

ئاڭلىغۇچى يەتمىسە سۆزنىڭ پەھمىگە،
ناتىقتىن ئىزدىمە ئىلھام زىيادە!
ئىرادە خاھىشىغا بولسا كەڭ مەيدان،
سۆز توپىنى سۆزمەن ئۇرار ئازادە!

ئوغلۇم! سۆز سۆزلىگەندە ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سۆزلە، سۆزلىگەچ باشقا ياقلارغا قارىماي، كۆپچىلىككە سۆز ـ نۇتۇق قىلماقچى بولساڭ، ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋازدا سۆزلە، بەك چىرقىراپ ئۇنلۇك ئاۋازدا سۆزلەپ باشقىلارنى بىزار قىلىشتىن ۋە ياكى مەجلىس ئەھلىنىڭ ئاڭلىماي قېلىشىدىن ساقلان، چۈنكى سۆز ـ نۇتۇقنى باشقىلارنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن سۆزلەيمىز. سۆزۈڭنى تەكرارلاۋەرمە، بىلمىگەننى سوراش ئاقىلانىلىك بولسىمۇ، ئەمما سورىمايمۇ بىلگىلى بولىدىغان ئىشلارنى ئىلاجى بار سورىما، باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ساڭا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى سوراپ بىلىشكە قىزىقما. دانىشمەنلەر شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ: «ئىككى كىشىنىڭ بىللە ئولتۇرۇپ قىلىشقان سۆھبىتىدىكى گەپلىرى ئامانەتتۇر، سۆھبەت قىلغان كىشىلەر ئالالنىڭ ئامانىتى بىلەن تارقايدۇ، سۆھبەتلىششىنىڭ سىرىنى پاش قىلىش ھالال بولمايدۇ.»

بۇ ھەقتە سەئىدى مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

مەھمۇدنىڭ[1] بىر نەچچە قۇلى ھەسەن مەيمەندىدىن[2] سورىدى: «بۈگۈن

[1] مەھمۇد ـــ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى.
[2] ھەسەن مەيمەندى ـــ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ۋەزىرى.

www.uyghurkitap.com

سۇلتان پالان ئىش توغرىلىق ساڭا نېمە دېدى؟» ئۇ دېدى: «نېمە دېگەنلىكى سىلەرگىمۇ مەلۇم بولماي قالماس.» ئۇلار دېدى: «ساڭا دەيدىغان گەپنى بىزدەكلەرگە ئېيتىشىنى راۋا كۆرمەيدۇ!» ھەسەن دېدى: «شۇ سەۋەبتىن ماڭا ئىشىنىدۇكى، مېنىڭ ھېچكىمگە ئېيتمايدىغانلىقىمنى بىلىدۇ ـ دە! ئۇنداق بولغاندىن كېيىن سوراپ نېمە قىلىسىلەر؟»

ئىش بىلەرمەن ھەممە سۆزنى باشقىلارغا سۆزلىمەس،
شاھ سىرىنى پاش قىلىپ، باش كەتكۈزۈش لايىق ئەمەس.

باشقىلارنىڭ سىرىنى، ئەيىبىنى ئاشكارىلىما، پىتنىگە، غەيۋەتكە، چېقىمچىلىققا ياتىدىغان، باشقىلاردا ئۆچ ـ ئاداۋەت پەيدا قىلىدىغان، ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلما، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىققا، دوستلۇققا تەسىر يېتىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلە، باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىل، چاقچاقا ئايلاندۇرما، ئۆزۈڭگە گەرچە چاقچاق قىلىش پۇرسىتى كېلىپ چاقچاق قىلساڭ، چاقچاق كۆتۈرەلەيدىغان ئادەمگە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن لايىقىدا قىل، چاقچىقىڭدىن باشقىلارنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلسۇن، لەززەت ئالسۇن، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان، زىتىغا تېگىدىغان، چۇشۇرىدىغان، قوپال، ھاياسىز، لاۋزا چاقچاقلارنى قىلما، بولمىسا جىم ئولتۇر، سۆزلىسەڭ ھايا بىلەن سۆزلە، ھاياسىزلىق ئەيىبتۇر.

بۇزرۇكلەر: «كىمكى بىراۋنىڭ بىرەر ئەيىبىنى تېپىپ مازاق قىلغان بولسا، ئۆزىمۇ شۇ ئەيىبكە مۇپتىلا بولمىغۇچە دۇنيادىن ئۆتمەيدۇ» دەپ ئەسكەرتىدۇ. مۇبادا ھاياسىزلار بىلەن بىر مەجلىستە ياكى بىر سورۇندا بولۇپ قالساڭ ئۆزۈڭنى چەتكە ئال، بولمىسا يۈزۈڭنى تۆكۈۋالىسەن.

باشقىلارنى ئۆزىدە يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختىما، بۇ خۇشامەتكويلۇق بولۇپ، ماختالغۇچىنىمۇ ئۇسال قىلىسەن.

بۇ ھەقتە سەئدى شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

بىر ئولتۇرۇشتا چوڭلاردىن بىرنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشتى. ياخشى سۈپەتلەرنى تازا كۆپتۈرۈشتى. ئۇ كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى: «مەن ئۆزۈمنىڭ

قانداقلىقىنى ئۆزۈملا بىلىمەن.»

سانىدىكى خىسلەتلىرىمنى، شۇ ئىزا ـ كۈلپەتمۇ بەس،
بۇ پەقەت سىرتىم، ساڭا ئىچكى سىرىم مەلۇم ئەمەس.

* * *

خوپ كۆرۈنگەي كىشىلەرگە تۇرقۇم ـ شەخسىيىتىم،
ئۈيىلىپ باشىم ئېگىلگەن ئىچكى نۇقسانىدىن هامان.
كىشىلەر ماختار گۈزەللىكتە تاۋۇسنى توختىماي،
ئۇ نومۇس ئەيلەر پۇتىنىڭ سەتلىكىدىن هەرزامان.

سۆزلىگەندە زۆرۈرىيەتكە قاراپ، دەلىل ـ ئىسپاتلىق سۆزلە، راستلىقىغا ئىشەنچ بولمىغان، توغرىلىقى ئىسپاتلانمىغان سۆزلەرنى سۆزلىمە، «سۆزلەش زۆرۈرىيىتى بار چاغدا سۆزلىمەي، بىمەزگىل سۆزلەپ چەكتىن ئېشىپ كەتمە» بۇ ئەخلاقسىزلىقتۇر.

باشقىلارنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىنى خوپ كۆرسەڭ، سەن ئۇنى قايتا تەكرارلىما، بۇ ئەھمىيەتسىز سۆز قىلىشتۇر.

تىل ئۇستىدە سەئىدى شۇنداق ھېكمەتلەرنى قىلىدۇ. «يالغان سۆزلەش ئىز قالدۇرىدىغان زەربىگە ئوخشايدۇ، يارا ساقايغان تەقدىردىمۇ بەلگىسى قالىدۇ».

## ھېكايەت

بىر گۇرۇھ ھەكىملەر كىسرانىڭ[1] ھۇزۇرىدا بىر ئىش ئۇستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇزۇرجمېھىر ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم كىشى بولسىمۇ، جىم ئولتۇردى. بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭدىن سورىدى: «نېمىشقا بۇ مۇنازىرىگە بىز بىلەن تەڭ قاتناشمايسەن؟»

بۇزۇرجمېھىر دېدى: «ھەكىم دېگەن تېۋىپقا ئوخشاش خەق، تېۋىپ بولسا پەقەت كېسەلگىلا دورا بېرىدۇ. مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارنى توغرا تاپقانلىقىم

[1] كىسرا ــــ ساسانىيلار سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ، «خۇسراۋ» سۆزىنىڭ ئەرەبچە تەلەپپۇز قىلىنىشى، بۇيەردە نۇشىرۋان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇچۇن، بۇ توغرىلىق يەنە سۆز ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق».

مەن كىرىشمەي ئىش يۇرۇشسە ئۇتۇقلۇق،
بۇ توغرىلىق سۆزلىشمگە ئورۇن يوق.
ئەمما كۆرسەم كورنى قۇدۇق ئالدىدا،
لام ـ جىم دېمەي جىم ئولتۇرسام زور گۇناھ.

«ئىككى دۈشمەننىڭ ئارىسىدا سۆزنى شۇنداق قىلغىنكى، ئەگەر ئۇلار دوست بولۇپ قالسا، خىجىللىقتا قالمايدىغان بول.»

«سۆز ئوينىتىش گۇناھكارنىڭ خىسلىتى، غەرەزلىكلەر سۆزى ھەرگىزمۇ سۆز ئەمەس.»

ئوغلۇم، سەن ئۆگىنىۋېلىش بىرقەدەر قۇلاي بولغان، ئىپادىلەش كۈچىگە باي، جانلىق، گۈزەل، راۋان، بالدىن تاتلىق بىر تىلنىڭ ھەقدارى ۋە ۋارىسىسەن. شۇنداق ئىكەن، بۇ سۆيۈملۈك تىلىڭنى قەدىرلە، ئانا تىلىڭغا ئېتىبارسىز قارايدىغان ۋە ئۇنى كەمسىتىپ ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئىشنى زىنھار قىلما. ئۇ كەمسىتىدىغان، ھاقارەت كەلتۈرىدىغان تىل ئەمەس، بەلكى ۋەتەننى قەدىرلەپ سۆيگەندەك سۆيۈشكە ئەرزىگۈدەك تىل. چۈنكى بۇ تىلىمىز — ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان تالاي قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، قىممەتلىك دۇر ـ گۆھەرگە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قىممىتىنى ساقلاپلا قالماي، بەلكى ئۇ جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىدە مەڭگۈ پارلاپ تۇرغان نۇر ـ زىياغا ئايلانغان. سەن ئانا تىلىڭ بىلەن قەلبىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى شۇنچە نازۇك، شۇنچە مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭنىمۇ بىمالال ئىپادىلەپ بېرەلەيسەن. بۇ تىل بىلەن سەن ئېرىشەلمەيدىغان كۆڭۈل يوق، بۇ تىلدىكى مۇنداق ئارتۇقچىلىق بىرقىسىم تىللاردا يوق، شۇڭا ئۇنى قەدىرلە.

ئوغلۇم، بىرقىسىم ياشلىرىمىزدا ئانا تىلىمىزغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئۇنى ئۆز مەنىسى بويىچە پۈتۈن بىر تىل سۈپىتىدە قوللانماستىن بۇزۇپ سۆزلەيدىغان، سۆز ئارىسىغا باشقا تىللارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەبجەش قىلىپ سۆزلەيدىغان تىل

چاكىنىلىرى كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ.

بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بالىلىرىنى باشقا تىللارنى ئۆگىنىشكە زورلاپ، بالىسىنى ئانا تىلدىن ساۋاتسىز قويۇۋاتىدۇ. يۇقىرىقىلار ئوخشاشلا ئانا تىلغا ئېتىبارسىزلىقتۇر. نۆۋەتتە قوش تىل ئوقۇتۇشنى تەكىتلەۋاتىدۇ. «قوش تىللىق» بولۇش ياخشى ئىش، ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئىش، ئەمما، ئۆز ئانا تىلىنى پىششىق ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم. بۈيۈك تىل ئۇستازى نەۋائىي ھەزرەتلىرى تىل ھەققىدە توختالغاندا «تىلغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقىڭ ئەلگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقىڭدۇر» دەپ بىزنى ئاگاھلاندۇرغان. شۇڭا ئالدى بىلەن ئانا تىلىڭنى ئوبدان ئۆگەن ھەمدە ئۇنىڭ قەدرىگە يەت.

ئوغلۇم، مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلە، بۇ چوڭ ئائىلىدە ئۆزئارا ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا تەڭ ئالغا بېسىش، ئۆزئارا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قېرىنداش مىللەتلەر تىلىنى، دۇنيادىكى مىللەتلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، تارىخىنى بىلىش، ئىلغار پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۇلگە ـ ئۆرنەك قىلىش ئۈچۈن بىرەر ـ ئىككى چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋېلىش تولىمۇ مۇھىم ۋە تەقەززاسىزدۇر.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، كۆپ قىرلىق بىلىم ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن جاھان ئەھلىگە تونۇلغان، بۈيۈك قەلەم ساھىبلىرى، ئەللامە ـ ئالىملىرىمىزدىن فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق پازىل ـ دانىشمەنلىرىمىز ئانا تىلنى پۇختا ئۆگەنگەندىن سىرت، شۇ دەۋر ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان باشقا ئەل تىللىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، شۇ تىللارنى ئوخشاشلا بەيگىگە سېلىپ، ئىجاد قىلىپ جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

ھازىرقى شارائىتتىمۇ مىللىتىمىز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان بىلىم ئىگىلىرى، تۆھپىكار زىيالىيلىرىمىز، كەسپىيات ئىختىراچىلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ئانا تىلغا پىششىق بولۇپلا قالماي، قېرىنداش مىللەتلەر تىلىنى ۋە بىر ـ ئىككى چەت ئەل تىلىنى ئېھتىياجغا لايىق ئۆگىنىپ، شۇ ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

بىلىمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى چوققىسىغا ئۆرلەۋاتقانلاردۇر.

يۇرت ئاتلاپ، دۆلەت ئارىلاپ سودا - تىجارەت قىلىپ سودىدىكى ماھارىتى بىلەن روناق تېپىپ بېيىغان ئەقىللىق كىشىلىرىمىزنىڭ تولىسى ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئىككى - ئۈچ خىل تىل بىلىدىغانلاردۇر.

دېمەك، تىل سېنىڭ قەلبىڭنى بۇ كەڭرى جاھانغا باغلاپ ۋە تۇتاشتۇرۇپ، تەپەككۇرىڭنى قاناتلاندۇرىدىغان «ئىنسان قەلبىنىڭ ئەلچىسى» (ئا. مۇھەممەتئىمىن)دۇر.

شۇڭا، ئۆز ئانا تىلىڭنىڭ قەدرىنى بىلىپ ئۇنى ياخشى ئىگىلەپلا قالماي، قېرىنداش مىللەتلەر تىلىنى ۋە ئىمكانىيەت يار بەرسە بىرەر - ئىككى چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىش.

«گۈلىستان» دىن يەنە بىر گۈلدەستە ئىناق - ئىتتىپاق تەشەببۇسىدۇر.

ئوغلۇم، سەن بۇ دۇنياغا تۆرەلدىڭ، چوڭ بولدۇڭ، ئەل قويىنىغا قېتىلدىڭ، ئەل قويىنىغا سىغاي دېسەڭ «ئەرنىڭ بالىسى بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بول»، يەنى ئەل ئۇيلىغاننى ئويلا، ئەلنىڭ دەردىگە دەرمان بول، ئەل بىلەن تەڭ كۈل، تەڭ يىغلا، ئەلدىن ئايرىلىپ قالما، ئەل بىلەن ئىجىل - ئىناق ئۆت.

ئوغلۇم، بۇ رېئال دۇنيادا ياشىغان ئىكەنسەن، ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن ئادەم بولىدۇ. ئادەم بولغان ئادەمدە ئەلنىڭ غېمى بولىدۇ. ئەلنىڭ غېمىنى يېمىگەن ئادەم ھېسسىياتسىز، مېھىر - مۇھەببەتسىز، تاش يۈرەك ئادەمدۇر. مېھىر - مۇھەببەتسىز ئادەم ئادەم ئەمەستۇر، بەلكى تىرىك مۇردىدۇر. بۇنداق ئادەملەر جەمئىيەت ئۈچۈن، ئائىلە ئۈچۈن، ئۆزى ئۈچۈنمۇ يوك، ئەخلەت ئادەملەردۇر. (ھازىرقى دەۋردە ئەخلەتلەردىنمۇ تېخنىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ ئەلگە پايدىلىق بۇيۇملار ياسىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئەلگە پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەملەر ئەخلەتتىنمۇ بەتتەرراقتۇر). بىلىشىڭ لازىمكى، مېھىر - مۇھەببەت ئىجىل - ئىناقلىقنى مەنبە قىلىدۇ. ئىجىل - ئىناقلىقتىن مېھىر - مۇھەببەت ئۇلغىيىدۇ. شۇنداق ئىكەن، كىشىلەر بىلەن ئىجىل - ئىناق ئۆت. كىشىلەرنىڭ ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشى شۇنداق ئېسىل خىسلەتتۇركى، ئۇنىڭ بىلەن

باشقىلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە، كۆيۈنۈشىگە، ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيسەن، دوستلىرىڭ كۆپىيىدۇ. ھۆرمىتىڭ ئاشىدۇ، ياخشى نامىڭ تارىلىدۇ. يولۇڭ كەڭرى، ئاق يوللۇق بولىسەن، مۇبادا ئۇقۇشماسلىقتىن ئەل سەندىن رەنجىسە، سەۋر قىلغىنىكى ئەلدىن ئاغرىنىدىغان سۆزلەرنى قىلما. مۇنۇ ھېكايەت سۆزلىرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

بۇ ھەقتە سەئىدى شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

زەۋزەن[1] پادىشاھىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر خوجا[2] بار بولۇپ، ئالىيجاناب، ھىممەتلىك كىشى ئىدى. كىشىلەر كۆرۈشكىلى كەلسە خىزمىتىنى قىلاتتى، يوق چېغىدا كىشىلەرنىڭ ياخشى گېپىنى قىلاتتى. كۇتۇلمىگەندە بۇ خوجىنىڭ بىر ئىشى سۇلتانغا ياقماي قالدى ـ دە، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزىنى جازاغا ھۆكۈم قىلدى.

پادىشاھىنىڭ ھەربىي باشلىقلىرى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ياخشىلىقلىرىنىڭ قەدرىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىشقا قەرزدار ئىدى. شۇڭا قاماقتا بولغان جەرياندا دوستانە ۋە يۇمشاق مۇئامىلىدە بولۇشتى. قىيناش ۋە جازالاشقا يول قويمىدى.

تىنچ ئۆتۈشنى خالىساڭ دۈشمەن بىلەن ھەرچاغ سېنى،
يوق چېغىدا سۆكسە مەيلى، سەن ئۇنى ماختا راسا.
سۆز دېگەن چىققاي ئېغىزدىن، شۇڭا سەن ئازارچىدىن،
ئاڭلىماي دېسەڭ يامان تىل، ئاغزىنى ياغلا راسا.

پادىشاھ ئوتتۇرىغا قويغان ئەيىبلەرنىڭ بىر قىسمىنى خوجا بويىنىغا ئالمىدى. قالغان بىر قىسمى ئۈچۈن زىنداندا قالدى. شۇ ئەتراپتىكى پادىشاھلاردىن بىرى

---

[1] زەۋزەن ـــ خوراساندىكى بىر شەھەر.
[2] خوجا ـــ بۇ يەردە مالىيە ۋەزىرى ياكى دەپتەردار مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com

خوجىغا مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەتىپ، مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن ئىدى: «سىز تەرەپنىڭ پادىشاھلىرى سىزدەك چوڭ بىر ئەمەلدارنىڭ قەدرىنى بىلمىسىدى ۋە ھۆرمەتسىزلىك قىلدى. ئەگەر سىزدەك يۈكسەك پىكىرلىك بىر كىشى (خۇدا تېزرەك خالاس تاپقۇزسۇن) بىز تەرەپكە ئىلتىپات قىلىدىغان بولسا، كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بار تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. بۇ مەملىكەتنىڭ كاتتىلىرى ئۇ كىشىنى كۆرۈشكە بەكمۇ ئىنتىزار ۋە بۇ خەتنىڭ جاۋابىنى تېز كۈتۈپ قالىدۇ.»

خوجا خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىرئاز ئويلىدى ـ دە، دەرھال مەكتۇپنىڭ ئارقا تەرىپىگە قىسقىچە جاۋاب يېزىشنى لازىم تېپىپ، ئۇنى ئەۋەتتى.

پادىشاھنىڭ بىر ئادىمى بۇ ئىشتىن ۋاقىپ بولۇپ، پادىشاھقا مەلۇم قىلدى: «سىز قاماققا ئالغان پالانى ئادەم قوشنا مەملىكەت پادىشاھلىرى بىلەن خەت ـ ئالاقىدە بولۇپتۇ.»

پادىشاھنىڭ بەك ئاچچىقى كەلدى ـ دە، بۇ خەۋەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى بۇيرۇدى. چاپارمەننى تۇتۇپ كېلىشتى. خەتنى ئوقۇشتى، خەت مۇنداق يېزىلغانىكەن:

«ھەزرەتلىرىنىڭ ياخشى پىكرى بىزنىڭ پەزىلىتىمىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇيرۇلغان تەكلىپنى قوبۇل قىلىش شەرىپىگە ئىگە بولۇشقا پەقىر بەندىدە ئىمكان يوق. چۈنكى مەن بۇ خانىدانىنىڭ نېمەتلىرى بىلەن پەرۋىش تاپقانمەن. شۇڭا ئىلتىپاتىنىڭ ئازراق ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆز شەپقەتچىمگە ۋاپاسىزلىق قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس.»

ئاقىللار مۇنداق دەيدۇ:

ساڭا ھەردەم ياخشىلىق قىلغان كىشى شەپقەتچىنى،
ئەپۇ ئەيلە ئۆمرىدە بىر مەرتە رەنجىتسە سېنى.

پادىشاھقا ئۇنىڭ ھەققانىيەتچىلىكى ياراپ كەتتى ـ دە، ئۇنىڭغا ئالاھىدە تون كىيگۈزۈپ، مالۇ نېمەت ئىنئام قىلدى ۋە «مەن ساڭا ناھەق ئازار بېرىپ خاتا قىلدىم» دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

خوجا دېدى: «ئەي ئالىيلىرى، مەن قۇلىڭىز بۇ ھالەتتە سىزدىن ھېچقانداق خاتالىق كۆرگىنى يوق، بەلكى خۇدايى ـ تائالانىڭ تەقدىرى شۇنداق بولۇپ،

پەقىرنىڭ بېشىغا قاملاشمىغان ئىش كېلىپ قالغاندۇ، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇنداق ئىش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلگەن بولسا مەيلى، چۈنكى ئىلگىرى ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭىز، نېمەتلىرىڭىزنى ئايىمىدىڭىز، دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ:

گەر پالاكەت كەلسە خەلقتىن رەنجىمە،
جەبىر - راھەتنى پەقەت خەلقتىن دېمە.
دوستۇ دۈشمەن زىددىنى ھەقتىن دېگىن،
ئىككى ياقىنىڭ كۆڭلى چىقماس ھۆكمىدىن.
چىقسىمۇ ئوق گەر كامانچە ئىچىدىن،
ئەقلى بار ئادەم بىلۇر ئوقياچىدىن.»

ئوغلۇم، ياشلىقىم مەڭگۈ قالىدۇ، كۈنلىرىم غەم - غۇسسىسىز بىر خىلدا ئۆتىدۇ، دەپ خام خىيال قىلما. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە قېرىيسەن، ئاجىزلايسەن، ھەتتا كېسەل بولۇپ كېسەللىك ئازابى تارتىسەن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈنگە ئوخشاش ئىشلىرىڭ بولىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا كىشىلەر بىلەن ئېچىل - ئىناق ئۆتكەنلىكىڭنىڭ پايدىسىنى كۆرىسەن. ئۇلار سېنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ئىش - كۈشلىرىڭگە ياردەملىشىدۇ، يىرىقىڭنى يېقىن، قىيىنىڭنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ. تويۇڭغا توي بولىدۇ، ناۋادا ئەجەل يېتىپ كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئۆلۈمىڭمۇ توي بولىدۇ. ئەل سېنى ھۆرمەت بىلەن يادلىشىدۇ، ئەگەر ئەل غېمىنى يېمىسەڭ، ئەل بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتمەي «تېرىپ قويساڭ»، ياشلىقىڭدا ئەلنىڭ لەنەت - قارغىشىغا ئۇچرايسەن، قېرىلىقىڭدا غېرىب - بىچارە، «پاخال بوۋىسى» بولىسەن، سېنى ياد ئېتىدىغان ئادەم بولمايدۇ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ جىنازاڭغا ئەگىشىدىغانلار ئاز بولىدۇ. ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ نامىڭمۇ كۆمۈلىدۇ. شۇڭا ئەل بىلەن ئىناق - ئېجىللىقنى ساقلا، ئۆزۈڭنىڭ غېمىنى يېگەندەك، ئەلنىڭ غېمىنى يېگىن. ئەل بىلەن بىرگە ئۆلۈم يۈزلەنسىمۇ، ئۇنى توي، مەرىكە دەپ بىل، سەئدى شۇنداق ھېكمەتلەرنى قىلىدۇ.

پۈتۈن ئادەمزات تۇتاشقان ئەزا،
ئۇلار بىر جەۋھەردىن يارالغان يەنا.
بىر ئەزاغا يەتكۈزسە دەرد، روزىگار،
تۇگەر باشقا ئەزادا سەۋرۇ قارار.

ئەگەر باشقىلار چەكسە دەرد، سەن بىغەم،
ئاتاشقا بولۇرمۇ سېنى بىر ئادەم؟

ئوغلۇم، بۇزرۇكلەر: «ئادەملەرنىڭ ياخشىسى ئادەملەرگە پايدىسى تېگىدىغانلاردۇر» دەيدۇ، ئادەم بولغان ئىكەنسەن، ئەلگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغىن، ئەل كۆزىگە سىغمايدىغان، زىيانلىق ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلان. ئۆزۈڭ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكنىڭ سەۋەبىنى كىشىلەردىن ئىزدىمە. ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ زىيانكەشلىك قىلىپ ئۇنى باشقىلاردىن كۆرمە. «مەن نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم» دېگەننى كۆپرەك ئويلا، سېنىڭدىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتسە، باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويماي، كەمتەرلىك بىلەن بوينۇڭغا ئېلىپ، تۈزىتىشنى ئويلا. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلساڭ، قىلغان ياخشىلىقىڭنى سۆزلەپ يۈرمە ھەم مىننەتنى قىلما، بۇ قىلغان ياخشىلىقنى يوققا چىقارغانلىقتۇر. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلماي تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ شاپائىتىنىڭ تەمەسىنى قىلما.

پازىل بۇزرۇكلەر: «ياخشىلىق قىلىپ دەرياغا تاشلا، ئۇنىڭ ئەجرىنى باياۋاندىن ئىزدە» دەپ توغرا ئېيتىدۇ.

باشقىلارغا كەڭ قورساق بولغىن، ئىچى قوتۇر، ئىچى تار بولمىغىن، ئەيىبكار كىشىنىڭ ئەيىبىنى كەچۈر، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلاپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىنى يېپىشقا ئۇرۇنما. باشقىلار ئەيىب ـ نوقسانلىرىڭنى كۆرسىتىپ بەرسە، ئۇ دۈشمىنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ تۈزىتىشكە تىرىش، ئەلنى خۇشال قىلىسەن.

بۇزرۇكلەر شۇنداق دەيدۇ: «ئادەملەرگە كەڭ قورساق بولۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئادەملەرمۇ سىلەرگە شۇنداق بولىدۇ.»

سەئىدى شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

ئاۋازى سەت بىر خېتىپ[1] ئۆزىنى خۇش ئاۋاز دەپ ئويلاپ، بىھۇدە ۋارقىراپ ـ جارقىرايتتى. سەن (ئۇنى ئاڭلانغاندا) ئۇنىڭ ئاۋاز پەردىسىدە پىراق قاغىسىنىڭ[2]

[1] خېتىپ ــ جۈمە نامىزىدا خۇتبە ئوقۇيدىغان خاتىپ ئاخۇنۇم.
[2] پىراق قاغىسى ــ توقۇناق قاغا ياكى ئالا قاغا. بۇ قاغا سەت قاقىلدايدىغان بولۇپ، پىراق، ھىجراننى چىللارمىش.

قاقىلدىشى بار ئىكەن، دېگەن بولاتتىڭ.

خېتىپ ئەبۇلغا ۋارس[1] ھاڭرىسا قاچان،
پارس ئىستەخرىنى[2] قىلىدۇ ۋەيران.

يېزا كىشىلىرى بۇ سەت ئاۋازنىڭ ئازابىنى تارتىسىمۇ، خېتىپنىڭ ئورۇن - مەرتىۋىسىنى ئاياپ رەنجىشىنى مۇناسىپ كۆرمەيتتى. شۇ مەملىكەتنىڭ خېتىپلىرىدىن بىرى ئۈنىڭغا يوشۇرۇن ئاداۋەت تۇتۇپ يۈرەتتى. بۇ ئادەم بىر كۈنى ئۈنى يوقلاپ كەلگەندە: «سېنى چۈشەپ قاپتىمەن، خەيرلىك بولسۇن»، دېدى. «قانداق چۈش كۆردۈڭ؟» دەپ سورىدى خېتىپ، ئۇ كىشى دېدى: «قارىسام، سەن خۇشئاۋازمىشسەن، نەپەسلىرىڭدىن كىشىلەر راھەتلىنىۋاتقانمىش.»

خېتىپ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، دېدى: «مۇبارەك چۈش كۆرۈپسەن، چۈنكى مېنى ئۆز كەمچىلىكىمدىن ۋاقىپ قىلدىڭ، مەلۇم بولدىكى، ئاۋازىم يېقىمسىزكەن، مېنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراپ ئوقۇغان خۇتبەمدىن خەلق ئازابلىنىۋېتىپتۇ. توۋا قىلدىم، مۇندىن كېيىن خۇتبە ئوقۇمايمەن، ئوقۇسام ئاستا ئوقۇيمەن.»

دوستۇم سۆھبىتىدىن خاپىمەن ھامان،
ناچار خۇيلىرىمنى بەلەن كۆرستەر.
ئەيىبىمنى ئارتۇقلۇق كامالەت كۆرۈپ،
تىكىنىمنى بىر گۇل ياساپ كۆرستەر.
نەدىدۇر ئۇياتسىز، قىزىل كۆز دۈشمەن؟
ئۇ بولسا ئەيىبىمنى روشەن كۆرستەر.

ئوغلۇم، ئاۋامغا بىرەر ئىشتا ۋەدە قىلغان بولساڭ، جېنىڭغا تاقىلىدىغان ئىش بولۇپ قالسىمۇ، ۋەدەڭنى ئورۇندا، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش مۇناپىقلىقتۇر. بىلگىنكى، كىم مۇناپىق

[1] ئەبۇلغا ۋارس — ئاقىللارنىڭ ئاتىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەرەبلەر ئېشەككە ئاشۇنداق لەقەم قويغان.
[2] ئىستەخىر — قەدىمكى پارس مەملىكىتىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تاشتىن ياسالغان سېپىل-قەلئەلىرى بىلەن مەشھۇردۇر.

بولسا، ئۇ نىجىستۇر. كىم مۇناپىقلار بىلەن بىر سەپتە بولىدىكەن، ئۇلارنى ئازغۇنلار دەپ بىلگىن.

ئوغلۇم، شۇ سەمىڭدە بولسۇنكى، بىر ئادەمنىڭ كۈچى چەكلىك بولىدۇ، بۇ چەكلىك كۈچ كۆپچىلىككە قېتىلسا، ئاندىن ئۆز رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى، هاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ. بۇ دۇنيادا قىيىنچىلىقتا، خېيىمخەتەرگە ئۇچرىمايمەن، باشقىلارغا ھاجىتىم چۈشمەيمۇ ياشىيالايمەن دېيەلمەيسەن، بەزى چاغلاردا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە، غەمخورلۇقىغا موھتاج بولىسەن، شۇڭا ئۆزۈڭنى ئەل ئىچىگە قوي. كوللېكتىپنىڭ بىر ئەزاسى دەپ بىل، بارلىقىڭنى ئەلگە ئاتا. شۇندىلا ئۆزۈڭنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايسەن.

ئەجدادلىرىمىز: «بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار»، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق ئۆملۈكنى، ئىناق - ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماي، ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىقنىڭ غەلىبە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

بۇ ھەقتە سەئىدى مۇنداق دەيدۇ:

پاشا توپلانسا يېڭەر پىلنى ئۇرۇپ،
بۇنداق كۈچ - قۇۋۋەت، سالاپەت بار تۇرۇپ.
كۆپ چۈمۈلە بولسا بىردەك ئىتتىپاق،
يىرتىدۇ شىر پوستىنى ئۇجۇقتۇرۇپ.

تۆۋەندىكىدەك يامانلىق ۋە يامان ئادەتلەر ئىناق - ئىتتىپاقلىق ئۇچۇن ئاپەتتۇر، يەنى، ئىككى يۈزلىمىچى، پىتنە - پاساتچى، تەپرىقچى، ھەسەتخور، زىناخور، ھاراقكەشلىك، گۇمانخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق، خۇسۇمەت ساقلاش، ئاداۋەتلىشىش، ئۆچلىشىش قاتارلىق ئاپەتلەر يوقىتىلمىسا ياكى چەكلەنمىسە ئەلدە ئاسايىشلىق، ئائىلىدە تىنچ - ئامانلىق، خاتىرجەملىك بولمايدۇ. سېنىڭ بۇنداق ئاپەت خاراكتېرلىق كېسەللىكنى يوقتۇرۇۋېلىشىڭنى ئىككىلا ئالەمدە خالىمايمەن. ئەلنىڭ ئوغلى بولاي، ئەل بىلەن ئېجىل - ئىناق ئۆتەي، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەي، ياخشى نامىم قالسۇن دېسەڭ، بۇنداق شۇملۇقلاردىن نېرى تۇرغايسەن، ھەزەر ئەيلىگەيسەن.

پىتىنخور بولما. پىتىنخورلۇق شۇنداق يامان ئاپەتتۇركى، باشقىلاردا يوق سۈپەتلەر بىلەن كىشىلەرنى قارىلاپ، گەپ تارقىتىپ (پىتنە ـ پاسات)، كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ، ئىتتىپاقلىقا زىيان يەتكۈزىدىغان رەزىل قىلمىشلارنىڭ بىرى، بۇنداق قىلمىش مەيلى كىمدە بولمىسۇن، ئادەمنىڭ كۆنى ۋەسۋەسىدە، غەم ـ غۇسسىدە ئۆتىدۇ. قەيەردە پىتنە ـ پاسات باش كۆتۈرسە، شۇ يەردىن بەخت كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ئاپەتكە ئۆزۈڭنىڭ توغرىلىقى ھەم ياخشىلىقى بىلەن جاۋاب قايتۇرغىنكى، «مېنى غاجاپ يۈرۈپتۇ» دەپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما. پىتىنخورلارنىڭ ئەپقاچتى پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئىشىنىپ باشقىلار بىلەن ئارازلىشىپ يۈرمە، بەزى ھاللاردا پىتىنخورلارنىڭ بەزى گەپلىرى ئاڭلىماققا ئىشەنچلىكتەك بىلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق گەپلەرگە ئالدىراپ ئىشىنىپ، ياخشى ئادەملەرگە دۈشمەن بولۇپ قالما، باشقىلارغا قىلغان يامانلىق ئۆزۈڭگىمۇ ئامانلىق بەرمەيدۇ، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغىنكى، ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ، يامانلىق قىلما. ياخشىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىدە، ئىسىدە مەھكەم ساقلانغاندەك، يامانلىقمۇ كىشىلەر قەلبىدە يارا پەيدا قىلىپ، ئىز قالدۇرىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئىشنى ئەقلىڭ تارازىسىدا بىر ئۆلچەپ كۆرۈپ باھا بەرگەيسەن، «بۇزرۇكلەر: «بەختلىك ئادەم پىتنە ـ پاساتلاردىن چەتنەپ يۈرگۈچى كىشىدۇر» دەيدۇ.

سەئىدى شۇنداق ھېكمەت ئېيتىدۇ:

ئىككىيلەن ئارا ئوت يېقىپ پۇۋلىمەك،
ئەقلىدىن ئەمەس، ئۆزىنى ھەم ئۆرتىمەك.

سەئىدى پىتىنخورلۇققا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ، ئېسىڭدە ساقلىغايسەن.

## ھېكايەت

مەن شەيخلەردىن بىرىنىڭ ئالدىدا، «پالانچى مېنى بۇزۇق ئادەم دەپ گۇۋاھلىق بېرىپتۇ!» دەپ شىكايەت قىلغانىدىم. شەيخ دېدى: «سەن ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ ياخشىلىقى بىلەن خىجىل قىل!»

ئۆزۈڭ توغرا بول، بەتنىيەت پىتنىچى،
تاپالماس قۇسۇر سەندىن، يەتمەس كۈچى.
راۋابنىڭ ئۈنى پەدىگە بولمىسا ماس،
قۇلاقنى بىكار تولغىماس چالغۇچى».

گۈلىستاندىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن ھەسەتخورلۇق.

ئوغلۇم، «ھەسەتخورلۇق — نامەرد، كۆڭلى قارا خىيانەتكار روھ»، «ئۇ شۇنداق كېسەلكى، بىرىنچىدىن، ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، يۇقتۇرۇۋالغان كىشىنى ھالاك قىلىدۇ، ئۈچىنچىدىن، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇپ، روھنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ئاقىل كىشىلەرنىڭ ئابرۇي - نوپۇزىنى قىرقىپ، مىللەتنى ھالاك قىلىشنىڭ جەريانىنى تېزلەشتۇرىدۇ.[1]» «ھەسەتخورنىڭ قولىدىن دوزاخ، تىلىدىن قىيامەت ئاپىرىدە بولىدۇ.» كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم، ھەسەتخورلۇق نېمىدېگەن قەبىھ، نېمىدېگەن رەزىل كېسەل ۋە ئاپەت - ھە؟

بۇ كېسەللىكنىڭ مەنبەسى كۆرەلمەسلىك بولۇپ، ھەرقانداق بىر كىشىدە ياخشىلىقنىڭ، ئارتۇقچىلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەن ھامان چىداپ تۇرالماي، ئىچىنى زەھەر بولۇپ، يۈرىكىنى مۇجۇلۇپ، ئارامسىزلىنىپ، قىينىلىسەن، ئۆز گۆشۈڭنى ئۆزۈڭ يېگۈدەك بولىسەن، ھەرسائەتتە غەم - غۇسسىنىڭ زەھەرلىك شەربىتىنى ئىچىپ بىئارام بولىسەنكى، ھەسەت نەشتىرىنى باشقىلارغا سانجىيسەن. بۇ كېسەل چاپلاشتىمۇ، قۇتۇلمىقىڭ بەسى مۇشكۈل، ئاللا بەرگەن ئامانەتنى ئېگىسىگە تاپشۇرمىغىچە، بۇ كېسەلدىن قۇتۇلالمايسەن ياكى ساقايمايسەن، شۇڭا ئىسىڭدە بولسۇنكى، ئېھتىيات - ئىناقلىقنى ئىستىسەڭ، خاتىرجەملىكنى، خۇشاللىقنى تىلىسەڭ ھەسەتخور بولما. قەلبىڭدىكى ھەسەت ئوتىنى كەڭ قورساقلىقنىڭ ھىممىتى، شۇنداقلا كىشىلەرگە بولغان مېھرى - مۇھەببەت سۈيى بىلەن ئۆچۈر.

سەئدى شۇنداق ھېكمەتلەرنى قىلىدۇ:

پاك دىل كىشىلەرنىڭ ئادەملەرگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ئالدىدا بولسۇن، كەينىدە بولسۇن، بىرخىلدۇر. ئۇلار سېنى ئارقاڭدا تىللىمايدۇ، ئالدىڭدا

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (سەرخىل ئەسەرلەردىن جەۋھەرلەر‹1›).

سەن ئۇچۇن ئۆلۈپ بەرمەيدۇ.

ئالدىڭدا گوياكى ياۋاش بىر قوي،
ئارقاڭدا خۇددى ئادەمخور بۆرە.

* * *

كىم بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئالدىڭدا بىر ـ بىرلەپ سانار،
باشقىلار ئالدىدا، شەكسىز، سېنى ھەم تىنماي غاجار.

ھەسەتخور ھەققىدە سەئدى مۇنداق ھېكايەت سۆزلەيدۇ:

## ھېكايەت

ئوغلۇمىشنىڭ[①] سارىيىدا بىر ھەربىي باشلىقنىڭ ئوغلىنى كۆرگەنىدىم. ئۇنى ئەقىل ـ ئىدراكى ۋە پەم ـ پاراستى تەئرىپ ـ تەۋسىپتىن ئۈستۈن تۇراتتى. بالىلىق چېغىدىلا پېشانىسىدە ئۇلۇغلۇقنىڭ ئالامەتلىرى نامايان ئىدى.

ئەقىل ـ ھوش ئاسمىنى بېشىدا پارلاپ،
ئۇلۇغلۇق يۇلتۇزى تۇراتتى چاقناپ.

قىسقىسى، يىگىت سۇلتانغا يېقىپ قالدى. چۈنكى ئۇ تاشقى كۆرۈنۈش خوپ كېلىشكەن، مەنىۋى دۇنياسى كامالەتكە ئېرىشكەن ئىدى. دانالار ئېيتقانكى، «بايلىق مالدا ئەمەس، ھۈنەر ـ قابىلىيەتتە، ئۇلۇغلۇق ياشتا ئەمەس، باشتا» ئەڭتۇشلىرى ئۇنى كۆرەلمەي، خائىن دەپ قارا چاپلاپ، ئۆلتۈرگۈزۈشكە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى.

دۈشمەنىڭگە نېمە چارە، دوست ساڭا بولسا ئىناق.

پادىشاھ سورىدى: «بۇ كىشىلەر سېنى بۇنچىلىك يامان كۆرۈشىدىكى سەۋەب نېمە؟» يىگىت جاۋاب بەردى: «ئەي پادىشاھىم، مۇلكىڭىز ئەبەدىي بولسۇن! مەن

---

① ئوغلۇمىش — ئەزاربەيجان قەبىلىرىدىن بىر پادىشاھنىڭ ئىسمى. (1237 — 1250) ھەمەدان ۋىلايىتىنى سورىغان.

دۆلىتىڭىزنىڭ سايىسىدا ھەممىنى رازى قىلىپ كەلدىم، پەقەت ھەسەتخورلار رازى بولۇشمىدى، ئۇلار مېنىڭ پاراۋانلىقىم ئاخىرلاشمىغىچە رازى بولۇشمايدۇ. ئىقبال دۆلىتىڭىز ئەبەدىي بولسۇن!»

قادىر مەنكى، بەرمەيمەن ھېچكىمگىمۇ مەن ئازار،
ھەسەتخورنى نېمە قىلاي، ئۆز ـ ئۆزىنى رەنجىتسە.
ئۆلۈپ قۇتۇل، ئەي ھەسەتچى، بۇ شۇنداق كېسەلكى،
ئازابىدىن قوتۇلغايسەن پەقەت ئەجەل يېتىشسە.

شور پېشانە تەشنالىقتا قىلار ئارزۇ،
بەختلىكلەر دۆلىتىگە يەتسە دەپ زاۋال.
شەپەرەڭنىڭ كۈندۈز كۈنى كۆزى كۆرمىسە،
نېمە گۇناھ، نۇرلۇق ئاپتاپ كۆرسەتسە جامال؟
راست گەپ شۇكى، مۇنداق كۆزدىن مىڭى كور بولسۇن،
قۇياش نۇرى زۇلمەتكە بولمىسۇن پايمال!

يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن ئاداۋەتخورلۇق.
ئوغلۇم، ئاداۋەت ساقلاپ ئۆچلىشىشمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن يامان ئاپەتتۇر، بەلكى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئاپەت بولمىسا كېرەك. بۇ نىجىس ئادەت ھەسەتخورلۇق بىلەن ھەمشىرىك، جاھىللىق بىلەن ئۇلپەتتۇر. ئاقىۋىتى ئوخشاشلا غەم ـ ئەندىشە ۋە بالايىئاپەتتۇر.
ئۆچلىشىش — ئاداۋەتلىشىش شۇنداق بىر بالا ـ قازاكى، ئەگەر ئۇ پادىشاھلار ئارىسىدا يۈز بەرسە، پۈتكۈل جاھاننى خانىۋەيران قىلىدۇ. گوياكى توپان بالاسى، بەئەينى دەريالارنىڭ تاشقىنى، دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ شىددەتلىك چايقىلىشىدۇر. بۇنداق مەملىكەتتە ئامانلىق ۋە ئاۋاتلىقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. بۇنداق بالا ـ قازا تاشقىنىدىن ھېچكىم ئامان قالمايدۇ. پۈتكۈل خەلق جەبىر ـ زۇلۇمغا دۇچار بولىدۇ.
تارىختىن بىر مىسال:
چىڭگىزخان بىلەن خارەزمشاھ ئاداۋەتلىشىپ جەڭ مەيدانلىرىنى تۇزگەندە ئالەم شۇ دەرىجىدە بۇزۇلدىكى، ئۇنى شەرھلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.
بۇ جەڭدە چىڭگىزخان غەلىبە قىلىپ، خارەزمشاھنىڭ مەملىكىتىنى ئېلىپ،

ئۇنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىغا ئورۇنلاشتى، ئاندىن خارەزمشاھ پۇقرالىرىغا ئاداۋەت قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئەلنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. جەبىر - زۇلۇم دېڭىزى قەھر - غەزەپ قاينىملىرىنى ھاسىل قىلدى، ئاتا ئوغلىدىن، ئانا قىزىدىن خەۋەر ئالالماي پەرياد چەكتى. ھاياتلىق بىناسىنى ئەجەل ماتەملىرى تەۋرىتىشكە باشلىدى. ھېچ يەردە تىنچ - ئامانلىق قالمىدى. دېمەك، ئىككى پادشاھنىڭ ئۆچ - ئاداۋىتى نۇرغۇن جانلارنىڭ قىرىلىشىغا سەۋەب بولۇپ، ئەسلى - ۋەسلىنى قۇرۇتۇپ، روزغارىنى خاراب قىلدى.

ئوغلۇم، ئۆچلىشىش، ئاداۋەتلىشىش ئادەتتىكى ئادەملەر ئارىسىدا يۈز بەرسە، بۇ ئائىلىلەر ئوخشاشلا سورۇقچىلىق تارتىپ ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى يوقايدۇ. ئىش - ئوقەتى ئالغا باسمايدۇ. ھۈنەر - تىجارىتى ئاقساپ، بەرىكەت قاچىدۇ. بۇنداق ئۆچ - ئاداۋەتلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنىمۇ خاراب قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بۇگۈندىن بىر مىسال:

ئوغلۇم، ئېسىڭدىمۇ؟ كىچىك ۋاقتىڭدا «بوۋا، كوچىنىڭ ئايىغىدىكى ئىككى تىجارەتچى قوشنا توۋرۇپ نېمىشقا ئۇرۇشىدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا كۆچۈپ كەتتى؟ بىللە ئويناىدىغان ئاداشلىرىمىمۇ ئاز قالدى» دەپ سورىغىنىڭ. مەن شۇ چاغدا: «كىچىك بالا دېگەن چوڭلارنىڭ ئىشىنى سوراپ يۈرمىگۈلۈك...» دەپلا سوئالىڭنى جاۋابسىز قالدۇرغان ئىدىم، ئۆز ۋاقتىدا دەپ بەرسەممۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيتتىڭ. ئەمدى دەپ بېرەي:

ئوغلۇم، ئۇ ئىككى قوشنىمىزنىڭ بىرى گۆلە - قاق (قۇرۇق يېمىش) تىجارىتى، يەنە بىرى چەرچىنمال توپ تىجارىتى قىلاتتى. ئۇلار دەسلەپتە ئىناق - ئېجىل قوشنىلار ئىدى. قۇرۇق يېمىش تىجارىتى قىلىدىغان قوشنىمىز بازارنىڭ ئېگىز - پەس بولۇشى بىلەن بىر قېتىملىق سودىدا خېلى كۆپ زىيان تارتتى. شۇنىڭ بىلەن زىياننىڭ دەردىدە ئەقلى - ھوشى گاللىشىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ يۈرگەن كۈنلەردە باج خادىملىرى باج سۈيلەپ چىقتى. بۇ «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» بولغاندەك ئىش بولدى. چۈنكى «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە» ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان قۇرۇق يېمىش تىجارىتى قىلىدىغان قوشنام: «بىزنى باجخانىغا چاقتى، بولمىسا مۇشۇنداق زىيان تارتقان سودىغا باج ئالغىلى باجچىلار چىقامتى؟» دەپ گۇمانخورلۇق بىلەن چەرچىنمالچى قوشنىسىدىن يامانلاپ يۈردى ۋە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى تېرىپ بىخلاندۇرۇشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ چەرچىنمال توپ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوشنام

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى قۇرۇق يېمىش تىجارىتى قىلىدىغان قوشنامدىن خېلى كېيىن تىجارەت باشلىغىنىمغا قارىماي، تىجارىتى يۇرۇشۇپ، تاپاۋىتى يامان ئەمەس ئىدى. قۇرۇق يېمىش تىجارىتى قىلىدىغان قوشنامنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاداپ يۈرگەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى ئىش يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاداۋەت بىخلىرى كۆكلەشكە باشلىدى.

دەسلەپتە ئەرلىرى بىر - بىرلىرى بىلەن سالام - سەھەت قىلىشمىدى، كەينىدىن ئاياللىرى ئېغىزلىرىدىن چىققاننى تۆيماي تىل سىلىشتى. يۇرت مۆتىۋەرلىرى، يېقىن - يورۇقلار ياراشتۇرۇپ قويۇشقا تىرىشقان بولساقمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. بۇزرۇكلەرنىڭ: «مۆمىن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشى كۇپۇردۇر. تىللىشىشلىرى بولسا، پاسىقلىقتۇر، ئىككى مۆمىن (مۇسۇلمان)نىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەتتە يۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى شىپى كەلتۈرۈلۈپ، نەسىھەت، ئىلتىجالار قىلىنغان بولسىمۇ، جاھىللىق قىلىشىپ «ئۆلسەكمۇ ياراشمايمىز» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى ئائىلىنىڭ ئاياللىرى چاچ - ماچتىن بوغۇشتى، يۈز - كۆزلىرىنى مورلاشتى. بۇلارغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ باللىرى كالتەك - پىچاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بىر - بىرى بىلەن ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇشتى. قۇرۇق يېمىش تىجارىتى قىلىدىغان قوشنامنىڭ ئىككى بالىسى، چەرچىمال تىجارىتى قىلىدىغان قوشنامنىڭ بىر بالىسى ئېغىر يارىلىنىپ دوختۇرخانىغا ياتقۇزۇلدى. ساقچىلار ئىككى تەرەپتىن دوختۇرخانىغا بارمىسىمۇ بولىدىغانلىرىنى تۇتۇپ ھەپسىگە ئالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئائىلىنىڭ تىجارىتى توختاپ، دەۋا - دەستۇرغا يۈرۈش قىلىشتى. باللىرىنى داۋالىتىش، دەۋا - دەستۇرغا پۇل خەجلەش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزغانلىق جەرىمانىسى تۆلەش بىلەن تاپقان - تەرگىنى سورۇلدى. ئىككى ئائىلىدىكى كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بولۇپ بىر نەچچە كىشى بۇ ئىش تۈپەيلىدىن تارتمىغان سوروقچىلىقى قالمىدى.

بۇ كوچىدىكى باشقا قوشنىلارمۇ دەسلەپتە تەسەللى بېرىشتى، كېيىنچە گەپ يېمەيدىغان بۇ نائەھلىلەردىن ئېھتىيات قىلىشتىمۇ - قانداق ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىپ، كىردى - چىقىشنى ئازايتتى.

ئاخىرى بېرىپ ھەر ئىككى ئائىلە ۋەيران بولۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆيۋاقلىرىنى سېتىشىپ «بۇ كوچا بىزگە ياراشمىدى» دېيىشىپ بۇ كوچىدىن

كېتىشتى.

مانا ئاڭلىدىڭمۇ ئوغلۇم، ئاداۋەت ساقلاپ ئۆچلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمىدېگەن يامان؟! ئۇلار دەسلەپتە ئاداۋەتلەشتى، كېيىن ئۆچلەشتى، ئاخىردا دۈشمەنلەشتى ۋە بىر ـ بىرىگە ئورا كولاپ ۋەيران بولۇشتى، ئۇلار بىز مۇسۇلمان دېيىشىدۇ يۇ، بۇزرۇكلىرىنىڭ: «ھەقىقىي مۆمىننىڭ قولىدىنمۇ، تىلىدىنمۇ مۆمىنلەر ئازار يېمەيدۇ» دېگەن ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىشمىدى.

ئوغلۇم، بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن سودا ـ تىجارەت يوللىرى كېڭەيدى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ رەھىمسىز جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى. بىر قىسىملار ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ پاي قوشۇپ سودا تىجارىتىنى راۋاجلاندۇردى ۋە ئادىل رىقابەتلىشىپ باشقىلارنىڭ سودا ـ تىجارەتتىكى ماھارىتىنى ئۆگىنىپ، ئۇلگە قىلىپ روناق تاپتى، دۆلەتكە، ئەلگە نەپ يەتكۈزدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئادىل رىقابەتلىشىشنىڭ ئورنىغا ھەمىشە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار بىرى قاچانكى باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشسا، ئۇنىڭغا چىدىماي، شۇ ھامان ئازار بېرىدۇ. كىمكى سودا ـ تىجارەتتە روناق تاپسا تاپمىغان يېتىنە ـ پاساتلىرى، چاپلىمىغان بەتنامىلىرى قالمايدۇ. يولغا چالما ـ كېسەك تىزىدۇ. پۇتىغا ھۆل خىش قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ. كىم ھۈنەر ـ تېخنىكىسى يۇقىرى بولسا، شۇنى پۇتلاشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. قىلغان ھۈنىرىدىن، ئىشلەتكەن تېخنىكىسىدىن قۇسۇر تېپىپ سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ سېستىتىشقا ئۇرۇنىدۇ. بىرى بىرەر ئىشتا ماھارەت كۆرسەتسە ياكى ئۇزۇپ چىقسا ۋە ياكى يىللىق خىزمەتتە ئىلغار باھالىنىپ مۇكاپاتلانسا، ئۆچلۈكى تۇتۇپ، بىرنەچچە كۈن يېنىچە، قىڭغىر ـ سىڭغىر گەپلەرنى قىلىپ، چېقىۋالىدۇ. سالىمى ئاددىيلىشىدۇ، گەپلىرى قوپاللىشىدۇ، ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قالسا، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ يوقىلاڭ ئەيىبلىرىنى سۆرەپ چىقىپ چۇشۇرۇشكە ئۇرۇنىدۇ، بىرىنىڭ باشقىلار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى، باردى ـ كەلدىسى قويۇق بولسا، ھەممەيلەن بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتسە، باشقىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردىمىنى ئايىمىسا، «ھايات لېي فېڭ» لەقەملىرىنى قويۇشىدۇ، زىتلىشىدۇ، ئۆچلىشىدۇ، دۈشمەنلىشىدۇ، ئاداۋىتى كېچە ـ كۈندۈز كەم بولمايدۇ.

بۇنداق كىشىلەر بىر مەرەزكى، ئۇلارنىڭ شۇملۇقىدىن بىر قىسىم ئەقلى ئويغاق، ئەل ئۈچۈن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان، قىلىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ دىلى ئازار يەپ قېلىۋاتىدۇ، ئاداۋەتخورلار بىلمەيدۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆچلىشىش،

ئاداۋەت قىلىشلىرى سەۋەبلىك، باشقىلار بىئارام بولغان بولسا، چىدىماسلىقى، ھەسەتخورلۇقى سەۋەبلىك ئۆزلىرىمۇ بىئارام، كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، غەم ـ ئەندىشىدە ئۆزىمۇ ۋەيران ۋە خار بولىدۇ. شۇڭا، ئاداۋەتلىشىش، ئۆچلىشىشتىن ئىبارەت بۇ ئاپەتكە يېقىن يولىمىغىن، قەلبىڭنى ئەلگە بېغىشلا، ئەل ياخشى كۆرگەننى سەنمۇ ياخشى كۆر، ئەل قارشى تۇرغانغا سەنمۇ قارشى تۇر، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق يولىنى تۇتۇپ، باشقىلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىشتىن ساقلان. زىددىيەتلىشىپ قالغان بولساڭ، سەندىن ئۆتكەن بولسا ئەپۇ سورىغىن، باشقىلاردىن كەلگەن بولسا، قورسىقىڭنى كەڭ تۇتۇپ كەچۈرۋەت، ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىما، ئىبرەتكى، ئاداۋەتلەشكۈچىلەرگە ياردەم بېرىشتىن ساقلانغىن، بۇ ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقانلىق بولۇپ، ئاداۋەتلەشكەنلەردىن يامانراق گۇناھقا شېرىك بولىسەن. بۈزرۈكلەر: «كىمكى ناھەق ئاداۋەت ۋە خۇسۇمەت قىلمىۋاتقان كىشىلەرگە ياردەم بەرسە، تا بۇ ئىشتىن توۋا قىلمىغىچە ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىدە بولىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە مۇلايىم، كەڭ قورساق بول. كىشىلەرگە مېھىر ـ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق يولىنى تۇت.

سەئىدى شۇنداق ھېكمەت قىلىدۇ:

مۇلايىم كىشىگە قوپال سۆزلىمە،
بىراۋ ئەپ ئۆتەي دېسە جەڭ كۆزلىمە.

ئوغلۇم، ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى باشقىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئۆزىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى باشقىلارنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ۋە خاتىرجەملىكى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ بىلىشى كېرەك، چۈنكى «قوشنانىڭ خاتىرجەم، ئۆزۈڭ خاتىرجەم» ئەمەسمۇ؟ بۈزرۈكلەر: «ئاللا كۆپچىلىككە ياردەم بېرىدۇ، كىمكى كۆپچىلىكتىن ئايرىلسا دوزاخقا يول ئالغان بولىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ؛ ئاگاھ بولغىنكى ئۆچلىشىش، ئاداۋەتلىشىش يولىنى تۇتۇپ كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ دوزىخي بولما. ئاداۋەت ئوتىنى كىم پۈۋلىسە ئوت ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ تۇتىشىدۇ، كۆيدۈرىدۇ.

سەئىدى شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

ئەمرۇلەيسنىڭ[1] قۇللىرىدىن بىرى قېچىپ كەتكەنىدى. بىر قانچە ئادەم ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشتى. بىر ۋەزىرنىڭ ئۇنىڭغا ئۆچ - ئاداۋىتى بار ئىدى. ئۇ باشقا قۇللار مۇنداق قىلىقنى قىلمىسۇن، دېگەن باھانە بىلەن ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. قۇل ئەمرۇلەيسنىڭ ئالدىدا يەرگە باش قويۇپ مۇنداق دېدى:

نېمە قىلساڭ قىل ماڭا، سەن خالىساڭ ھەر ئىش راۋا،
قۇل نېمە داۋا قىلار، گەر غوجىسى بەرسە جازا؟

ئەمما، مەن مۇشۇ خانىداننىڭ ئاش - تۇزىنى يەپ پەرۋىش تاپقانلىقىمدىن قىيامەت كۈنى مېنىڭ خۇنۇمغا جاۋابكار بولۇپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن، شۇڭا ئىجازەت بەرسەڭ، ۋەزىرنى ئۆلتۈرەي، ئاندىن ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن مېنىڭ قېنىمنى تۆكۈشكە بۇيرۇق قىل، ئۇ چاغدا مېنى ھەققانىي ئۆلتۈرگەن بولىسەن.»[2]

پادىشاھ كۈلۈپ كەتتى - دە، ۋەزىرگە دېدى: «بۇ پىكىرگە قانداق قارايسەن؟»

ۋەزىر دېدى: «ئەي پادىشاھئالەم، خۇدا ھەققى بۇ قىزىل كۆزنى ئازاد قىلىۋېتىڭ، ئۇ مېنى بالاغا قويمىسۇن، گۇناھ مەندىن ئۆتتى. دانىشمەنلەر سۆزى ھەق، ئۇلار مۇنداق دېگەن:

پالاخمانچى[3] بىلەن جەڭدە ئېلىشساڭ،
بويايسەن ئۆز بىلىكىڭنى بىلمەي قانغا.
ئەگەر ياۋغا ئوق ئاتساڭ سەن ھەزەر قىل،
چۈشۈپ قالما يەنە ئۆزۈڭ نىشانغا.»

ئوغلۇم، باشقىلار بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتەي دېسەڭ، كىشىلەرگە

---

[1] ئەمرۇلەيس — مەشھۇر پارس پادىشاھى (879 – 900).
[2] شەرىئەتتە قاچقان قۇلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ.
[3] پالاخمانچى — قەدىمىي زاماندا راگاتكىغا ئوخشاش قورال بىلەن تاش ئاتىدىغان ئەسكەر.

يوغانچىلىق قىلما، گەدەنكەشلىك قىلما، ئۇنداق قىلساڭ باشقىلار سەن بىلەن يېقىنلىششىنى خالىمايدۇ، ئۆزىنى تارتىدۇ. يوغانلىقىڭ، گەدەنكەشلىكىڭ سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ئېتىبارىدىن قىلىپ، ئىززەت ئىشىكى تاقىلىپ، راھەت يولۇڭ ئېتىلىدۇ. يۇزۇڭگە لەنەت تامغىسى بېسىلىدۇ، پازىل - بۇزرۇكلەر شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ: «كىمكى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، يۇرۇش - تۇرۇشىدا ھاكاۋۇر بولسا، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە سازاۋەر بولىدۇ.»

شۇڭا كىشىلەرگە كۆيۈمچان بول، بالا - قازادىن يىراق تۇرسەن، كىشىلەرگە مېھرىبان بول، خۇشال - خۇرام ياشايسەن،

سەئدى شۇنداق ھېكمەت قىلىدۇ:

بالا - قازا ئىلكىدىن كۆككە كەتسىمۇ بەتخۇي،
دائىم بالا كۆرىدۇ، ئۆز پەيلىنىڭ دەستىدىن.

سەئدى شۇنداق ھېكمەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

ۋەزىلەردىن بىرى قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈمچان ئىدى. ھەممەيلەننىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن بىۋاسىتە ئارىلىشىپ ياردەم كۆرسىتەتتى. كۆتۈلمىگەندە ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قولغا ئېلىنىدى. ھەممەيلەن ئۇنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشتى. نازارەتچىلەر جازا جەريانىدا ئۇنىڭغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلدى. ئەمەلدارلار ئۇنىڭ ياخشى خۇلقلىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەشتى. نەتىجىدە پادىشاھ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. بىر پاك دىل كىشى بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ:

«تېپىش ئۈچۈن دوستلىرىڭنىڭ كۆڭلىنى سەن،
ئاتا مىراس باغ - ھويلاڭنى ساتقىنىڭ خوپ.
ياخشىلارنىڭ قازىنىنى قاينىتىش ئۈچۈن،
بىساتىڭنى ئوچاققا سەن ياققىنىڭ خوپ.

يامان نىيەت كىشىگە ھەم ياخشىلىق قىل،
ئىت ئاغزىغا ھەردەم لوقما ئاتقىنىڭ خوپ....»

سەئىدى «گۇلىستان» دا ئالاھىدە تەكىتلىگەن يەنە بىر مەزمۇن ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلمەسلىك.

ئوغلۇم! ياشلىقىڭدا ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلمە، ئويۇن ـ تاماشا، نەغمە ـ ناۋاغا ھېرىسمەن كىشىنىڭ دوستى تولا، خىراجىتى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئويۇن ـ تاماشا، نەغمە ـ ناۋا كۆپىنچە ھاراق ـ شارابسىز بولمايدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلىش ئادەمنى ئىككى جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

بىرى، روھىي جەھەتتىكى زىيان بولۇپ، ئويۇن ـ تاماشا، نەغمە ـ ناۋا، ھاراق ـ شاراب ئادەمنى روھىي جەھەتتىن ئارام ئالدۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭغا زىيادە بېرىلىشنىڭ راھەتتىن زىيىنى تولا، ئۇ ئادەتكە ئايلىنىپ داۋاملىشۋەرسە ئاپەتكە ئايلىنىپ ئادەمنى يولدىن چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ ھاراق ـ شاراب ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئېزىتقۇنىڭ ئۆزى. ھاراق ـ شارابقا بېرىلگەنلەر، «ئۆزى خالاپ ساراڭ بولغانلار» بولۇپ، ئۇنى ئىچىتىمۇ ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆز خاھىشى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدۇ ـ دە، ئەقلى بىلەن خوشلىشىپ، ئار ـ نومۇسىنى، شەرم ـ ھاياني يوقىتىدۇ. بىردەملىك كەيپىنىڭ ھۇزۇرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نام ـ ئابرۇيىنى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بۇلغايدۇ، بارلىق ئەسكىلىكنىڭ مەنبەسى بولغان، بۇزۇقچىلىقنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويىدۇ.

ھاراق ـ شارابقا بېرىلگەن قىسمەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ شارابخورمارلىقىنى پەردازلاپ: «ھاراق دېگەننى ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى ئىچەلەيدۇ، يا ئىچەلمىسە، يا چېكەلمىسە، ئۇنى ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ؟» دېگەندەك بىمەنە سۆزلەرنى قىلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئاقلاشتىكى باھانىسى قىلىشىۋالىدۇ. بۇنداق سۆزلەرگە ھەرگىز ئىشەنمە! ئوغۇل بالىنى ھاراق ـ شاراب ئىچكەنلىكى، ئويۇن ـ تاماشىدىكى نوچىلىقى بىلەن ئەمەس، ئائىلىسىدە ۋاپادار ئوغۇل، خوتۇن ـ بالىلىرىغا كۆيۈمچان ئاتا، ئائىلىسىگە مەسئۇلىيەتچان ئەر بولۇپ، جەمئىيەت ئالدىدا پۇقرالىق مەسئۇلىيىتىنى تونۇغان ۋە ئۇنى ئادا قىلغانلىقى ـ قىلمىغانلىقىغا قاراپ ئايرىيمىز. ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ، ھاراق ـ شارابنىڭ سېسىق ھىدى بىلەن زەھەرلىنىپ، قۇسۇقلىرىغا مىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى يوقىتىپ، جەمئىيەت ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاتا ـ ئانىسى، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن كارى بولماي، خوتۇن ـ

www.uyghurkitap.com

بالىلىرىنىڭ ئەقەللىي تەلەپلىرىنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالماي زەيپانىگە ئايلانغانلىرىنى ئوغۇل بالا دېيىشكە ئادەمنىڭ تىلى بارمايدۇ.

ئويۇن ـ تاماشا، هاراق ـ شاراب ئادەمنى ئىش خۇشياقماس، تەييارغا ھەييار، بوشاڭ، لايغەزەل، شەھۋەتپەرەس، روھىي چۈشكۈن، كارغا كەلمەس بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئويۇن ـ تاماشا، هاراق ـ شارابقا ئامراق بولۇپ قېلىپ، بىر ئوبدان ئىش ـ ئوقىتىنى تاشلاپ، ئىش خۇشياقماي تىلەمچىگە ئايلانغانلار شۇنىڭ مىسالىدۇر. ئادەم ئىش خۇشياقماس بولدىمۇ، تۈگەشكىنى شۇ. چۈنكى هاياتلىق ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن هاياتلىقتۇر.

يەنە بىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىسراپخورلۇقتا ئادەتلىنىسەن، ۋاقىتتىن ئىبارەت قىممەتلىك بايلىقنى ئىسراپ قىلغانىنىڭ ئۈستىگە ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈن پۇل كېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، يانچۇقۇڭنىڭ ئېغىزى ئوچۇق تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ھەر ۋاقىت روچۇن بولالمايسەن، يانچۇقۇڭ توم بولمىسا بىللە ئوينىشىپ بېرىدىغان دوستلىرىڭمۇ بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭكىنىمۇ خەجلەيسەن، ئۇ تۈگىگەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ مېڭ بىر جاپادا ئىشلەپ تاپقان «چىچىڭ تىرنىقىم» دەپ يىغقان ـ تەرگىنىگە كۆز قىزارتىدىغان بولىسەن، ئاخىردا قەرزگە بوغۇلىسەن.

ئەجدادلىرىمىز: «چىنە بولسا دەزى بولمىسا، ئوغۇل بولسا قەرزى بولمىسا» دەپ توغرا ئېيتىدۇ. ساۋاقكى، ئەجدادلىرىمىز قەرزدارنى ئوغۇل بالا ھېسابلىمىغان. قەرزدارنىڭ يۈركى پوك ـ پوك، چىرايى سېرىق، كۆزلىرى نۇرسىز، خەلقئالەم ئالدىدا سۆزى ئۆتمەس ئىناۋەتسىزدۇر. قەرزدار بولماي دېسەڭ ئويۇن ـ تاماشىغا، هاراق ـ شارابقا بېرىلمە، كىرىمىڭگە قاراپ خىراجەت قىل، خىراجەت قىلدىڭمۇ ئۇنىڭ يولىنى قىل. چۈنكى، «يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ توشمايدۇ» ئىسراپخور قانۇن سوتىدا سوتلانمىغىنى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ۋىجدان سوتىدا سوتلىنىپ، پۇشايمان قاماقخانىسىغا مەھكۇم قىلىنىدۇ. كېيىنكى پۇشايمان ئەسقاتمايدۇ.

ئوغلۇم، «دەم ئېلىشنى بىلمىگەن، ئىشلەشنىمۇ بىلمەيدۇ» دەپ ئەسكەرتكەنىكەن كونىلار، دېيىشىڭ مۇمكىن. توغرا! دەم ئېلىشنىمۇ بىلىش ۋە مۇۋاپىق ئارام ئېلىشمۇ ھاردۇقنى چىقىرىپ، سالامەتلىكنى ئاسراشقا پايدىلىق، ئەمما دەم ئېلىش دېگىنىمىز، ھەرگىز ئويۇن ـ تاماشىغا، نەغمە ـ ناۋا، هاراق ـ شارابقا بېرىلىش دېگەنلىك ئەمەس. دەم ئېلىشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب ـ ژۇرنال كۆرۈش، كلاسسىك مۇزىكىلارنى، رادىئو ـ

تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئاڭلاش، پىيادە گۇللۇكلەرنى، ئورمانلىقلارنى ئايلىنىش، يېقىن دوستلىرىڭ بىلەن غەيۋەتكە ياتمايدىغان قىسقا پاراڭلارنى سېلىش... قاتارلىقلار بىلەنمۇ مۇۋاپىق دەم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

سەئدى شۇنداق ھېكمەتلەرنى قىلىدۇ: «بىراۋغا بىر يامان ئادەت سىڭسە، ئۆلگىچە تېنىدىن چىقماس»، «ئەقلى ـ ھوشى، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى چىڭ تۇت، ئويۇن ـ تاماشىنى تاشلا، چۈنكى بايلىقىڭ تۈگىگەندە، قىيىنچىلىق تارتىپ پۇشايمان يەيسەن»، «دارامەت بولمىسا چىقىمنى ئاز قىل» دېگۈچىلەر مۇنۇ كۈيىنى ئوقۇيدۇ! «ئەگەر تاغلاردا يامغۇر ياغمىغاندا دەجلە[1] مۇ يىل ئۆتمەي چۆقۇم قۇرۇيدۇ».

ئوغلۇم! ئويۇن ـ تاماشا، ھاراق ـ شارابقا بېرىلىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىكەن؟ مۇنۇ ھېكايىگە قۇلاق سال!

سەئدى شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

## ھېكايەت

بىر تەقۋادارنىڭ ئوغلىغا ۋاپات بولغان تاغىسىدىن نۇرغۇن مال ـ دۇنيا قالغانىدى. ئۇ بۇزۇقچىلىققا كىرىشىپ، ئىسراپخورلۇققا بېرىلىپ كەتتى. قىسقىسى، قىلمىغان يامان ئىشلىرى، ئىچمىگەن ئىچىملىكلىرى قالمىدى. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدىم: «ئوغلۇم، كىرىم دېگەن ئاقار سۇ، تۇرمۇش دېگەن چۆرگىلەپ تۇرغان تۈگمەن، يەنى كۆپ خىراجەت قىلىش دائىمىي كىرىمى بولغان كىشىگىلا مۇمكىن. ئەقلى ـ ھوش، ئەخلاق، ئەدەپىنى چىڭ تۇت، ئويۇن ـ تاماشىنى تاشلا. چۈنكى بايلىقىڭ تۈگىگەندە قىيىنچىلىق تارتىپ پۇشايمان يەيسەن.»

لېكىن ئوغۇل نەغمە ـ ناۋا ۋە ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ لەززىتىگە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ نەسىھەتلىرىمنى قۇلاققا ئالماي، سۆزۈمگە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە باشلىدى: «بۈگۈنكى راھەتنى كەلگۈسىدىكى ئېغىرچىلىقنىڭ تەشۋىشى بىلەن

---

[1] دەجلە ــــ باغدادتىكى دەجلە دەرياسى

بۇزۇش ئاقىللارنىڭ پىكرىگە خىلاپ!

بەختىيار، دۆلەتلىك كىشى نىمىشقا،
تارتسۇن يوقسۇللۇقنى، قورقۇپ يوق ئىشقا؟
ئەزىز يار، كۆڭۈل ئاچ، ئوينا، تۇرمىغىن،
ئەتىمنىڭ غېمىنى بۇگۈن يېمىگەن.

بولۇپمۇ سېخىيلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، مەردلىك كەمىرىنى بېلىمگە باغلىغان ۋە خەير ـ ئېھسانلىرىم ئاۋام خەلقنىڭ ئاغزىدا پۇر بولۇپ كەتكەن بىر چاغدا (يوقسۇللۇقتىن غەم يەمدىمەن)

سېخىيلىق كەرەمدە نامى پۇر كەتكەن،
كىشىلەر سالمىسۇن دەرەمگە كىشەن.
ياخشى نامىڭ تارالسا تالا ـ تۈزگە،
ياپالمايسەن ئىشىكنى كىشى كۆزىگە.»

قارىسام ئۇ نەسىھەتلىرىمنى ھېچ قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ. ئوتتەك نەپرەتلىرىم ئۇنىڭ تومۇردەك سوغۇق كۆڭلىگە تەسىر قىلمايۋاتىدۇ. شۇڭا نەسىھەتنى توختاتتىم. سۆھبەتتىن ئۆزۈمنى تارتتىم ۋە دانالارنىڭ سۆزى بويىچە ئىش قىلماقچى بولدۇم. ئۇلار مۇنداق دېگەنىدى: «يەتكۈزۈشكە تېگىشلىكنى يەتكۈز، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، كارىڭ بولمىسۇن!»

ئاڭلىماسلىقنى بىلسەڭمۇ ئەگەر،
بىلگىنىڭچە سەن قىلغىن نەسىھەتنى.
كۆرەرسەن تېزدىن: ئىككى پۇت بىلەن،
تۇزاقتا چۈشكەن ئۇ ھاماقەتنى.
قولنى ئۇرۇپ ئېيتىدۇ: «ئىسىت!»
ئاڭلىماپتىمەن چوڭقۇر ھېكمەتنى.

بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولدى. مەن ئۇنى بىچارە هالەتتە كۆردۈم. ئۇ چاپىنىغا ياماق ئۈستىگە ياماق سېلىپتۇ. ئاشىقان ـ تاشقان نانلارنى تىلەپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق هالىغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى يارىسىنى تاپا ـ تەنە تىرنىقى بىلەن تاتىلاپ تۇز سېپىشنى ئادەمگەرچىلىك دەپ بىلمىدىم. شۇڭا، ئۆز كۆڭلۈمدە دېدىم!

«هاراقكەش كەلگۈسىنى كۆزگە ئىلماس،
پەقىرلىقتىن پەقەت ئەندىشە قىلماس.
باهار پەسلى دەرەخ بولغاي باراقساي،
تۆكۈلگەي ياپرىقى كەلسە زىمىستان.»

سەئىدى «گۈلىستان» دا نەزىرىدىن ساقىت قىلمىغان مۇهىم بىر مەزمۇن نەسەبىدىن ماختانماسلىق.

ئوغلۇم، ماختانچاق بولما، بولۇپمۇ نەسەبىڭنى پەش قىلىپ ماختانغۇچىلاردىن بولما. نەسەب، مال ـ دۇنيانى چوڭ بىلىپ مەغرۇرلىنىش، ماختىنىش ئەخمەقلەرنىڭ ئىشىدۇر. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ساڭا تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى ئامانەت نەرسىلەردۇر. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۆتكۈنچى كارۋانلاردەك نەرسە بولۇپ، كارۋان بۈگۈن بۇ قونالغۇدا قونسا، سەپەر ئېهتىياجى ئۈچۈن ئەتىسى يەنە باشقا ئۆتەڭدە قونىدۇ.

هازىر بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئارىسىدا نەسەبىنى پەش قىلىپ ماختىنىدىغان، مال ـ مۈلكى، ئەمەل ـ مەنسىپىدىن مەغرۇرلىنىپ هاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك قىلىپ ماختىنىدىغان كىشىلەر كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئىللەتنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبلىك كىشىلىك مۇناسىۋەتتە مېهىر ـ مۇهەببەت سۇسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بەزىلەر «... هازىر باي بولغىنىڭ بىلەن بۇرۇن مۇنداق ئادەمنىڭ بالىسىتىڭ، پۇلۇڭ تۈت تەڭگىگە يېتىپ هارامزەدىلىك قىلغىنىنى كۆرەيمۇ بۇنىڭ...» دېسە، يەنە بەزىلەر «هازىر قولۇم قىسقا بولۇپ قالغان بىلەن، بۇرۇن پالانى باينىڭ بالىسى ئىدۇق، كۆرىمىز تېخى؟..» دېيىشىپ، نەسەبپەرەسلىك قىلىپ، ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇشۇپ

www.uyghurkitap.com

باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي، يۇرت ـ مەھەللىدە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى تېرىشىۋاتىدۇ، ھەمدە ئېشىپ ـ تېشىپ بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىشىۋاتىدۇ. بۇ خىل قىلمىشلار تولىمۇ ئەخلاقسىزلىقتۇر ۋە ئەخمەقلىقتۇر.

يەنە بىر قىسىم ماختانچاقلار چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدۇ، كىچىك ئىشلارنى بولسا ياراتمايدۇ، سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ئۇلار: «مەن دېگەن پالانچىنىڭ بالىسى تۇرسام، شۇ ئىشنى قىلامدىمەن، خەقلەر نېمە دەيدۇ؟...» دېيىشىدۇ. بۇ ماھىيەتتە نەسەبپەرەس كىشىلەر (ئەخمەقلەر)نىڭ ئۆزىنى ئالداپ كۈن ئۆتكۈزۈشتىكى مەنتىقىسىدۇر.

ئوغلۇم، ئەگەر ماختىنىشقا توغرا كەلسە، كەمتەرلىك بىلەن ئەل ـ يۇرت ماختىنغۇدەك ساۋابلىق ئىشلارنى قىل، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئەمەس، باشقىلار ماختىسۇن. ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ نەسەبىدە ئەمەس، ھوقۇق ـ ئىمتىيازىدا، مال ـ دۇنياسىدا ئەمەس، بەلكى ئىگىلىگەن بىلىمى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى بىلەن ئەل ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىدۇر.

ئەگەر ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەي دېسەڭ، كەمتەر بول، ھەرگىز ماختانما، كەمتەرلىك بىلەن ئادەم باشقىلارغا مېھرى ئىسسىق، چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. دوستلىرىڭ كۆپىيىدۇ. كەمتەرلىك بىلەن كەمتۈكلىرىڭ تولۇقلىنىدۇ ياكى ئەپۇ قىلىنىدۇ، ھاكاۋۇرلۇق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق سېنى دۈشمەنلىك قىلىپ قويىدۇ. ئەتراپىڭدىكىلەردىن ئايرىلىپ قالىسەن، ئەل ئارىسىغا سىغمايسەن، بۇ خۇددى مېۋە بەرمەي، ئېگىز بوي تارتقان «ھارام» پۇتاقنى باغۋەنلىرىمىز پۇتىۋەتكەندەك بىر ئىش.

تالانتلىق، ھۆرمەتكە سازاۋەر مەرھۇم شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوف كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇقنى تۆۋەندىكىدەك ئوبرازلاشتۇرۇپ، تولىمۇ لايىقىدا ئىپادىلەپ بەرگەنىدى:

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى شۇنچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

ئوغلۇم، كىچىكلىكىمدە دادام رەھمەتلىكنىڭ ماختانچاقلىق، تەكەببۇرلۇق توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن بىر رىۋايىتى ئېسىگە كېلىپ قالدى. شۇڭا سۆزلەي بېرەي، ئاڭلاپ قويغىنىڭنىڭ زىيىنى يوق.

كىچىك ۋاقتىمدا، مەھەللە ئارىلاپ، تاغ ئۆچكىسىنىڭ ئۇزۇن مۈڭگۈزىنى ساپ قىلىپ ياسىۋالغان ساپايىسىنى شاراقشىتىپ تەلقىن ئوقۇپ ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ سەدىقە تىلەيدىغان ئورا كۆز، چىرايى ئىستىن كۆكۈش كۆرۈنىدىغان پاخماقباش بىر تىلەمچى بولىدىغان، ئۇ ھەپتە ئارىلاپ جاراڭلىق ھەم مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن بەزىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان بېيىتلارنى ئوقۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ تىلەمچىلىك قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ بىزنىڭ ھويلا ئىشىكىمىزنى قېقىۋېتىپ: «تەكەببۇر ئەيلىمە زىنھار، ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت، تەكەببۇر ئەيلىگەچ قومۇش، ئاستىمىزدا بورىيا بولدى» دېگەن بېيىتنى ئوقۇدى.

مەن بۇ تىلەمچىنىڭ ئوقۇغان بېيىتىدىكى «تەكەببۇر، بورىيا» سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى ئۇقمىغانلىقىم ئۈچۈن رەھمەتلىك دادامدىن سورىغانىدىم. دادام رەھمىتى: «تەكەببۇر» دېگەن، ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتۇش، باشقىلارنى كۆزگە ئىلتىماسلىق دېگەن بولىدۇ، «بورىيا» دېگىنىمىز، بورا قومۇشىدىن توقۇلىدىغان كىگىز، گىلەمنىڭ ئاستىغا سالىدىغان بورا شۇ دەپ، قومۇش بىلەن يېكەننىڭ مۇنۇ مۇنازىرىسىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

«بىر كۈنى قومۇش بىلەن يېكەن ئۆزلىرىنى ماختىشىپ، گەپ تالىشىپ قاپتۇ. يېكەن دەپتۇ: ‹مەن سەن بىلەن بىر نەسەپتىن، بىر مەنبەدىن بولغىنىم بىلەن، سېنىڭدىن چىرايلىق ھەم ئەۋرىشىم، كىشىلەر مېنى قىش كۈنلىرى ئورۇپ يىغىۋېلىپ ئۆزىگە ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە ئىشلىتىدۇ، بولۇپمۇ مۇزخانىلاردا مۇز ساقلاشتا مەن بولمىسام بولمايدۇ، مەن مۇزخانىلارنىڭ ئاستى ـ ئۈستى تۆت تېمىغا تۇتۇلۇپ، مۇزخانىغا قاچىلانغان مۇزنىڭ ئېرىپ كېتىشىدىن ساقلايمەن. ياز كۈنلىرى ئىنسانلار مېنىڭ ۋاسىتەم بىلەن ساقلانغان مۇزدا دوغ قىلىپ ئىچىپ راھەتلىنىدۇ...› دەپتۇ.

‹مەن سېنىڭدىن ھەم ئېگىز ھەم چىرايلىق ئۆسىمەن، بېلىم نەچچە يەردىن باغلاقلىق، شۇنچە زىلۋا، پۆپۈكلىرىم خۇددى پادىشاھنىڭ خانىشلىرى بېشىغا تاقىۋالغان ئوتۇغاتقا ئوخشايدۇ، مېنىڭ خاسىيىتىم سېنىڭكىدىن كۆپ، كىشىلەر

www.uyghurkitap.com

مېنى ئۆي ياپقاندا ئۆگزىلىرىگە سالىدۇ، سەن ئاسان چىرىپ كاردىن چىقىسەن، مەن ئوڭاي چىرىمايمەن، چىداملىق، بىز بىر مەنبەدە ئۆسكەن، بىر نەسەبتىن بولساقمۇ، مەن ئالىيجانابلار نەسەبىدىن بولىمەن، مېنىڭ ئالدىمدا سەن قانچىلىك نېمىتتىڭ...؟» دەپ ئۆزىنى ماختاپتۇ قومۇش. قومۇشنىڭ ماختىنىشلىرىدىن خورلۇق ھېس قىلغان يېكەن ئۆزلىرىنى ياراتقان ھەق ئىگىسىگە كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ نالە قىپتۇ.

يېكەننىڭ كۆز يېشىدىن تەسىرلەنگەن خۇدايىتائالا قومۇشنىڭ ماختىنىپ قىلغان تەكەببۇرلۇقىغا غەزىپى كەپتۇ ـ دە: «تەكەببۇرلۇق قىلىپ گۇناھى كەبىر قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلار سېنىڭدىن بورا توقۇپ كىگىز ـ گىلەمنىڭ ئاستىغا سېلىنىپ قىلسۇن، يېكەننىڭ توزغىقىدىن تەكيە ـ ياستۇقلىرىنى بورداپ بېشىغا قويۇپ ياتسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قومۇشتىن بورا توقۇپ ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان ئىنسانلار قومۇشتىن بورا توقۇپ پايدىلىنىدىغان، يېكەن توزغىقىنى تەكيە ـ ياستۇقلىرىغا قاچىلاپ، باشلىرىغا قويۇپ ياتىدىغان بوپتۇ.

دېمەك بالام، ئۆز نەسەپىدىن ماختىنىش، كىبىر ـ تەمەننا ئادەمنى قۇمۇشتەك يەر قىلىدۇ، پەس قىلىدۇ. شۇڭا ئاسمانغا چىقىپ كەتسەڭلارمۇ ئۆزۈڭلارنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتماڭلار، ماختانماڭلار. ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز: «ئۆزىنى داڭلىغان (ماختىغان) بىرىنچى ئەخمەق» دېگەنىدى. بىرىنچى ئەخمەق بولماڭلار، كىبىرلىك ئادەم گۇناھقا يېقىن بولىدۇ. گۇنايى كىبىر دېگىنىمىز شۇ گۇناھلىق بولماڭلار» دېگەنىدى.

ئوغلۇم، ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ نەسىھەتلىرىنىمۇ ئاڭلىدىڭ، ئەمدى قانداق قىلىش ئۆزۈڭگە باغلىق، ئادەم نېمە تېرىسا، شۇنىڭ ھوسۇلىنى چەش قىلىدۇ، ئېسىڭدە تۇتقايسەن.

سەئىدى شۇنداق دەيدۇ:

مەنمەنلىك ۋە كىبىر يەنە قىلمىسۇن بېشىڭنى بەند،[1]
بەلەند بولماق ئىزدىسەڭ، تۇتما ئۆزۈڭنى بەلەند.[2]

---

[1] بەند ـــ ئىگىلىنىپ بولۇش، باغلىنىپ قالماق.
[2] بەلەند ـــ يۇقىرى، ئېگىز، ئۇزۇن، ئۇۋچى، كاتتا، زور.

بۇ ھەقتە سەئىد مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

### ھېكايەت

بىر بەدەۋى ئەرەبنى كۆردۇمكى، ئۇ ئوغلىغا مۇنداق دەۋاتاتتى: «بالام، قىيامەت كۈنى سەندىن نېمە ئىش قىلدىڭ دەپ سورايدۇ، سەن قايسى ئۇرۇقتىن دېگەن گەپ بولۇنمايدۇ، يەنى سەندىن قىلغان ئەمىلىڭ قانداق؟ دەپ سورايدۇ، ئاتاڭ كىم؟ دەپ سورىمايدۇ.»

ئوغلۇم! «ئەسلىي نەسلىم مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدۇ دېمە، چۈنكى مەڭگۈلۈك نەسەب ياشلار قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلەردۇر. بەزىدە دادا تەربىيىسىدىن مەھرۇم قالغان ئىنسانلارمۇ خوجا بولالايدىغۇ؟! بىلىشىڭ لازىمكى، غەلدە ـ غەشتىلەر ياخشى بوتىدا تاۋلاش ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىدۇ. قىزىلگۈل چوقۇم تىكەندىن ئېچىلىدۇ. نەرگىز گۈلىمۇ پىيازدىن ئۈسىدۇ» (ئابدۇقادىر موللام)

لاياقەتسىز ئىدى ئەسلىدە كەنئان،[1]
رەسۇل ئوغلى بولۇش كەلتۈرمىدى شان.
پەزىلەت كۆرسەت ئاچما گەپ شەجەردىن،[2]
تىكەندىن چىقتى گۈل، ئىبراھىم ئازەردىن.
(سەئىدى شىرازى «گۈلىستان»)

ئوغلۇم! ئەقىللىق بىر ئاتا ئوغلىغا نەسەب شەجەرە توغرىسىدا مۇنداق نەسىھەتلەرنى قىلغان ئىكەن، ھايات ساۋىقى قىلغىن.

«ئەي ئوغلۇم، ئاتاڭدىن قالغان شۆھرەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالما، ئۇ شەرەپ ۋە شۆھرەت ئۆتمۈشكە مەنسۇپتۇر. ئەجدادىڭدىن قالغان شان ـ شەرەپ ۋە

[1] كەنئان ـــ نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى بولۇپ، رىۋايەتتە دىنسىزلار بىلەن بىللە توپان سۈيىدە غەرق بولغان
[2] شەجەر ـــ دەرەخ، بۇ يەردە كېلىپ چىقىش، نەسەب مەنىسىدە.

شۆھرەتكە سەنمۇ يېڭى ۋە مۇناسىپ شان ـ شەرەپلەرنى قوشقىن. شۇنداق قىلغانىدىلا ھەقىقىي شەرەپلىك بولىسەن، ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپكە ئىشەنچلىك بولمىغىچە، ئاتاڭنىڭ شان ـ شەرىپى بىلەن شەرەپلىك بولۇش دەۋاسىدا بولما. پەقەت، ئۆزۈڭگە خاس شەرەپ بولمىغىچە، باشقىلارنىڭ شەرىپى ساڭا ئەسقاتمايدۇ.

ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ بىلەن شەخسىي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ ئارىسىدىكى پەرق بۈگۈن بىلەن تۈنۈگۈن ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشاش. تۈنۈگۈنكى رىزىقنىڭ بۈگۈن پايدىسى بولمىغاندەك، تۈنۈگۈنكى توقلۇقۇڭنىمۇ بۈگۈنكى ئاچلىقىڭغا پايدىسى يوق. ساڭا كېرىكى بۈگۈنكى ۋە شەخسىي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان ئېتىباردۇر.»

ئوغلۇم، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر شەيخ سەئدى شىرازى «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرىدە، باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەي (ئەسەر سەككىز باب (ماۋزۇ) قىلىپ يېزىلغان بولسىمۇ) ئۇنى ئەخلاقىي نۇقتىدىن شەرھلەپ ۋە ئۆز لايىقىدا پىكىر بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. مەن پەقەت ۋاقتىڭنى نەزەردە تۇتۇپ: «كىمدە سەۋر يوق بولسا، ھېكمەت يوق» دېگەن بۇ دۇر ـ گۆھەرنىڭ مەزمۇنىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ كۆچەپ تەكىتلەش زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارىغان بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ ئۆزلەشتۈرمىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم. بۇ پەقەت «گۈلىستان» دا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىدۇر.

بۇ ئۆزلەشتۈرمىلەرنى بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن دانىشمەنلىرىمىز، ھۆرمەت ساھىبى پازىل ـ بۇزرۇكلىرىمىز، شۇنداقلا ھازىرقى دەۋردىكى ئەقلى ئويغاق، مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قەلبىگە پۈككەن ۋە پۈتۈن زېھنىنى شۇنىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتقان ئىلىم سەركىلىرى ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن قەلەمگە ئېلىپ، بىزنى ئۈگۈت ۋە نەسىھەتلىرى بىلەن ئادىمىيلىككە، ياخشىلىققا ئۈندەپ كەلگەن ھەم كەلمەكتە. ئۇلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى يامان، ناچار ئادەت ۋە ئۇنى خۇي قىلىۋالغان ئادەملەرنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنىنى ئوبدان تونۇپ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ،

ئۈنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولغاندىلا ئائىلىنىڭ باياشات، ئەلنىڭ تىنچ ـ پاراۋان بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن.
بۇ تەشەببۇسلار ۋە پەند ـ نەسىھەتلەر بۇرۇنمۇ كىشىلەرگە روھىي ئوزۇق ۋە كۈچ ـ ماغدۇر بولغان بولسا، ھازىرمۇ ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا كىشىلەرنى سەۋر ـ قانائەتكە، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىققا، ئىلىم ـ ھۈنەر ئىگىلەپ، نادانلىقتىن، روھىي قوللۇقتىن قوتۇلۇشقا ئۈندەپ، ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا، رەزىللىككە، ئىتتىپاقسىزلىققا، بىلىمسىزلىككە، نادانلىققا قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.
ئوغلۇم، ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە تەۋەررۈك قالغان ھايات ھەقىقەتلىرى، تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى توغرىسىدىكى ئېسىل ھېكمەتلىرى، تەپەككۇر ئۈنچىلىرى بىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك گۆھەردۇر، بىز ئۈچۈن نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتتۇر. يەنە كېلىپ بىزگە تاپشۇرغان ئامانەتتۇر. «ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ۋاپاسىزلىقنىڭ ئالامىتى، بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر» ئامانەتكە خىيانەت قىلىش جىنايەتتۇر، ئەقىللىق ئوغلان ھەرگىزمۇ جىنايەت يولىغا مېڭىپ ئەجدادلار يۈزىنى تۆكمەيدۇ، ئۇلارنىڭ روھى ئالدىدا قارا يۈز بولمايدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.
قەدىرلىك بوۋا، يۇقىرىقى بايانلىرىڭىزدىن ئىلىم ـ ھۈنەر ئىگىلەشنىڭ خاسىيىتىنى، سەۋر ـ قانائەتنىڭ تۈگىمەس روھىي بايلىق ئىكەنلىكىنى، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقنىڭ باھاسىز ئەنگۈشتەر ئىكەنلىكىنى، شېرىن سۆزلۈكنىڭ، جايىدا ئىشلىتىلگەن سۆز ـ نۇتۇقنىڭ يېشىلمەس تۈگۈننى يېشىدىغانلىقىنى، ئېغىر ـ بېسىق، كەمتەرلىكنىڭ، كەڭ قورساقلىقنىڭ ، ئەپۇنىڭ ئىناق ـ ئىجىللىقنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.
قەدىرلىك بوۋا، مەن تىرىشىپ ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىپ، قەلبىمنى ئىلىم ـ ھېكمەت نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرۇپ، نادانلىق ـ جاھىللىق بىلەن تىنغۇتىغ كۈرەش قىلىمەن. ئۆگەنگەن ئىلمىم بىلەن ئەقلىمنى ئىشلىتىپ ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ، ئاچچىق ۋە غەزەپنىڭ ئەسىرى بولۇشتىن ساقلىنىپ، ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇقنىڭ ئىنساننى خار قىلغۇچى نەپسى بالاغا يېقىن يولىماي، ھەسەتخور، پىتنىخور، ئاداۋەتخورلۇقتىن ئىبارەت رەزىل، ئاپەت خاراكتېرلىك كېسەللىكنىڭ ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشتىن ئېھتىيات قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

پەندىيات دەيمەنكى ۋەدەمدە تۇرىمەن، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، ئىككى يۈزلىمە ئەھلىلەردىن بولمايمەن.

قەدىرلىك بوۋا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانۇ شاۋكەتلىك تارىخىنى كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگىنىڭىز ئېسىمدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتۇر، ئەمگەكچانلىقى، ئەقىللىق، بىر سۆزلىكى، كەڭ قورساق، مېھماندوستلىقى ۋە تېز قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بىلەن شان ـ شەرەپ قازىنىپ، نەسەب ـ شەجەرە تىكلىگەن، ئەمما بۇ شان ـ شەرەپلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىش تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. چۈنكى بۇ شان ـ شەرەپلەر بىلەن تىكلەنگەن نەسەب ـ شەجەرە ئۆتمۈشكە مەنسۇپتۇر. مەن بۇ شان ـ شەرەپلەرگە يېڭى مەزمۇن ۋە ئۇتۇق قوشمىغىچە ئەجدادلارنىڭ نەسەب شەجەرىسى بىلەن ماختىنىدىغان ماختانچاقلاردىن بولمايمەن. چۈنكى ئۇ شان ـ شەرەپلەر ماڭا تەئەللۇق ئەمەس ھەمدە ماڭا ئەسقاتمايدۇ. مەن ئەجدادلارنىڭ روھىنى ئەقىل ۋە كۈچ ـ ماغدۇرۇمنىڭ ئاساسى قىلىپ، ئۆزۈمگە مەنسۇپ شان ـ ئۇتۇقنىڭ ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

قەدىرلىك بوۋا، خاتىرجەم بولۇڭ، ھايات مۇساپىمىزدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەسلىنى ئۇنتۇيدىغان، نەسلىگە ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان ۋاپاسىزلاردىن بولمايمەن، تۇرلۇك ئېغىرچىلىق ۋە قىيىنچىلىق ئالدىدا ۋە ياكى بايلىق، مەنپەئەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئاسان ھاياجانلىنىپ، ئەقىل تىزگىنىمىزنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، قەدىر ـ قىممىتىمىزنى پايخان قىلىپ، كېيىن پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي قالىدىغان سەۋرسىزلىكنى، كەم ئەقىللىقلىقنى ئەمدى قىلمايمەن. ھەرقانداق پايدا ـ مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا، ھوقۇق ـ ئەمەلنىڭ جىلۋىلىك ئېزىقتۇرۇشلىرى ئالدىدا ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇق قىلىپ ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۆچلىشىپ، ئۆزۈمنى بۇلغاپ، ئەجدادلار يۈزىنى تۆكۈپ خىيانەتكار ۋە جىنايەتكار بولمايمەن. بىر كۈن ياشايدىكەنمەن، ۋىجدان، غۇرۇر، شەرم ـ ھايا، قانائەت بىلەن ياشاپ، ئۆزۈمنى مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى بىلەن قۇربانى قىلمايمەن. ئەقىلسىزلىك بىلەن قولدىن كەتكەن پايدىلىق پۇرسەتلەرگە ئېچىنىپ، ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرماي، كۆز ئالدىمدىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەھمىيەتلىك بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ئەجدادلارنىڭ روھىنى خوشال قىلىمەن. ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن.

ئەسكەرتىش: تۆۋەندىكى ئۈچ ھېكايەتتىن باشقىلىرى «گۈلىستان» دىن ئېلىندى.

«ئالدىراڭغۇ كەپتەرنىڭ ھېكايىسى»، «ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتىگە كەلتۈرۈلگەن ئۈچ دوست ھېكايىسى» بۇ «مۇقەددەس نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلەر» دېگەن كىتابتىن، «تەمەخور تۈلكە ھېكايىسى» «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن ئېلىندى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. يار مۇھەممەت تاھىر تۇغلۇقنىڭ «ئوغلۇم ئالدىڭغا قارا» (2)، «مۇقەددەس نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلەر».

2. زەمىر سەئىدۇللا زادەنىڭ «شەيخ سەئىدى».

3. ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتىكىن تۈزگەن: «سەرخىل ئەسەرلەردىن جەۋھەرلەر» (1).